1997

4

ETHNICUNITY · ETHNICUNITY

# مىللەتلەر ئىتتىپاقى

ETHNICUNITY



# جۇڭگو ئاز سانلىق مىللەت ئەزىمەتلىرى



سەيپىدىن ئەزىزى 1915- يىلى ئاتۇشتا تۇغۇلغان. 1935- يىلى سابىق سوۋېت ئىتتىپاقىغا ئوقۇشقا چىقىپ، 1937- يىلى ۋەتەنگە قايتىپ كەلگەن. 1944- يىلى ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىغا قاتناشقان ۋە بىر قاتار ۋەزىپىلەرنى ئۆتىگەن. 1949- يىلى جۇڭگو خەلق سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشىنىڭ 1- نۆۋەتلىك ئومۇمىي يىغىنىغا قاتناشقان، شۇ يىلى 10- ئايدا جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىگە كىرگەن. كېيىن ج ك پ شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق كومىتېتىنىڭ شۇجىسى، ئىنقىلابىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرى، شىنجاڭ ھەربىي رايونىنىڭ 1- سىياسىي كومىسسارى، ج ك پ 10-، 11- نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتلىرى سىياسىي بيۇروسىنىڭ كاندىدات ئەزاسى، 1- نۆۋەتلىكتىن 7- نۆۋەتلىككىچە مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن ۋەييۈەنجاڭى بولغان، ج ك پ 8- نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتىنىڭ كاندىدات ئەزاسى، 9- نۆۋەتلىكتىن 13- نۆۋەتلىككىچە مەركىزىي كومىتېتلىرىنىڭ ئەزاسى بولغان، ھازىر سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشى 8- نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى. 1955-يىلى جۇڭجياڭ ھەربىي ئۇنۋانىنى ئالغان. ئۇنىڭ «سۇتۇق بۇغراخان» قاتارلىق رومان ۋە باشقا ئىجادىي ئەسەرلىرى بار.

# مۇھەرربردىن تەۋسىيە

**بىز ھەممىدىن ياخشىسىنى تاللاپ بولالمايمىز،**

**ھەممىدىن ياخشىسى بىزنى تاللىسۇن.**

يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، ئېلىمىزنىڭ مىللەتلەر خىزمىتىدە كۆنسايىن يېڭى تەرەققىياتلار بولماقتا. پۈتۈن مەملىكەتنىڭ يېقىنقى يىللار مابەينىدىكى چېگرا رايون مىللەتلەر خىزمىتى ساھەسىدىكى كۆرۈنەرلىك ئۇتۇقلىرىنى ۋە توپلانغان مۇۋەپپەقىيەتلىك تەجرىبىلەرنى، يېڭى ۋەزىيە، يېڭى ۋەزىيەتنىڭ چېگرا رايون مىللەتلەر خىزمىتىگە قويغان يېڭى تەلەپلىرىنى شۇنىڭدەك دۆلەتلىك مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتىنىڭ 97-يىللىق ئومۇمىي خىزمەتلەرگە قويىدىغان تەلەپلىرىنى مۇپەسسەل بىلىشكە قىزىقسىڭىز، دۆلەت ئىشلىرى كومىسسارى، قوشۇمچە دۆلەتلىك مىللەتلەر ئىشلىرىكومىتېتىنىڭ مۇدىرى يولداش ئىسمائىل ئەھمەدنىڭ 4-ئاينىڭ 2-كۈنى ئېچىلغان مەملىكەتلىك چېگرا رايونلار مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتلىرى خىزمەت يىغىنىدا سۆزلىگەن **«مىللەتلەر خىزمىتىنى كۈچەيتىپ، گۈللەنگەن، مۇقىم چېگرا رايون قۇرۇش ئۈچۈن خىزمەت قىلايلى»** دېگەن دوكلاتىنى تەپسىلىي ئوقۇغايسىز.

ئۆزىنىڭ ئىقتىساد، مەدەنىيەت جەھەتتىكى سەلتەنىتى ۋە ئالاھىدىلىكى بىلەن دۇنيادا قەد كۆتۈرۈپ كەلگەن شياڭگاڭنىڭ ئىقتىساد، مەدەنىيەت تەرەققىيات ئەھۋالىنى، جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ قەدىمكى تۇپ يىلتىزىغا مۇستەھكەم باغلانغان تىل-يېزىقىنى، ئۆرپ - ئادىتىنى، ھېيت - بايراملىرىنى، دىن ئېتىقادىنى، يېمەك-ئىچمىكىنى ۋە شياڭگاڭنىڭ سايامەتچىلىك ئىشلىرىنى، شەھەر قۇرۇلۇشىنى، قاتناش تەرەققىياتىنى، شۇنداقلا شياڭگاڭغا ئالاقىدار باشقا نۇرغۇن جەھەتلەردىكى ئەھۋاللارنى بىلمەكچى بولسىڭىز **«ئەبەدىلئەبەد ئەجدىھانىڭ ۋارىسلىرى»** سەرلەۋھىلىك ماقالىنى ئوقۇپ چىقىڭ، تارىختىكى بىر مەزگىللىك نومۇسنى ئاقلاپ، ئۇلۇغ جۇڭخۇا قوينىغا قايتىپ كەلگەنلىكى تەنتەنىسى ئىچىدە، ئۇ توغرىلىق چۈشەنچىڭىزنى تېخىمۇ زىيادىلەشتۈرۈشتە مەزكۇر ماقالە سىزگە مول ماتېرىياللارنى يەتكۈزۈپ بېرىدۇ.

كىتاب — ئىنسانىيەتنىڭ بىلىم خەزىنىسى، كىتاب ئوقۇش شۇ خەزىنىنىڭ ئاچقۇچى، كىتابنى ئاچسىڭىز ئالدىڭىزدا كۆزنى قاماشتۇرىدىغان بىلىم خەزىنىسى نامايان بولىدۇ، ئۇ سىزگە دائىملىق ھەمراھ بولۇپ، سىزگە ئۆمۈرۋايەت مول ۋە مەزمۇنلۇق مەنىۋى تۇرمۇش كارتىنىسىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. ئۇ سىزنىڭ نەزەر دائىرىڭىزنى كېڭەيتىپ، سىزنى گۈزەل تۇرمۇش ۋە غايىۋى مەنزىلگە يېتەكلەيدۇ. بۇ نۇرغۇن ئالىم، مۇتەپەككۇر، ئەدىبلەرنىڭ كىشىلىك تۇرمۇش ۋە ئىجتىمائىي ساھەنىڭ ھەممە تەرەپلىرىنى ئۇزۇن يىل كۆزىتىش ئاساسىدا يەكۈنلەپ چىقارغان تارىخىي، ئاممىباب يەكۈنىدۇر. ئۇنداق بولسا، نۆۋەتتە بىزنىڭ، مىللىتىمىزنىڭ كىتابقا تۇتقان مۇئامىلىمىز، كىتابقا بولغان تونۇشىمىز زادى قانچىلىك؟ بۇ مەسىلىگە جەمئىيىتىمىزدە كۆڭۈل بۆلىدىغانلار زادى قانچىلىك؟ ئاپتور دەل مۇشۇ مەسىلىلەر ئۈستىدە ئۆز كەچۈرمىشلىرىنى ئىجتىمائىي كۆزىتىشلەرگە بىرلەشتۈرۈش ئاساسىدا تەھلىل ئېلىپ بېرىپ ۋە «ئۇيىنىماق، كۆلمەككە پۇل بار، بىر كىتابقا يوق ئەجەب، ئون كىتابتىن بىر بوتۇلكا مەي ساڭا ئارتۇق ئەجەب؟!...»نى نەقىل ئېلىش ئارقىلىق سىزنى چوڭقۇر پىكىر قىلىشقا ئۈندەيدۇ ۋە كىشىلەرگە ئەقلىي تۇرمۇشنىڭ سېھرىي كۈچى بىلەن روھىي جەھەتتە كامالەتكە يېتىدىغان نۇرلۇق چوققىغا تىرىشىپ ئۆرلەشنى تەۋسىيە قىلىدۇ. بۇ مەزمۇنلارغا قىزىقسىڭىز **«كىتاب ۋە كىتابخان ھەققىدە ئويلار»** دېگەن ماقالىغا نەزەرىڭىزنى ئاغدۇرۇڭ.

بۇ ساندىكى **«گۈلدەستە»** سەھىپىمىزنى يازغۇچى ئەخەت ھاشىمنىڭ **«ئاپتاپپەرەسنىڭ ماختىنىشى»** قاتارلىق ئىككى مەسەلى، شائىر ئىمىن ئەھمىدىنىڭ **«ۋىسال پەيتى»** ناملىق شېئىرى، مىنەۋۋەر نىيازنىڭ **«ۋاستىچى تېلېفون»** سەرلەۋھىلىك ھېكايىسى، ئۈمىدجان قادىرنىڭ **«قار ياغقان سەھەر»** ناملىق ئىككى نەسرى ۋە ئوسمانجان ساۋۇت قاتارلىقلارنىڭ رۇبائىيلىرى بىلەن تىزىپ ھوزۇرىڭىزغا سۇندۇق.

ئاخىردا شۇنىمۇ سەمىڭىزگە سېلىپ قويۇشقا توغرا كېلىدۇكى، ژۇرنىلىمىزنىڭ 2-، 3- سانلىرىدا بېرىلگەن **«ئامېرىكا تەسراتلىرى»** دېگەن ماقالىنىڭ داۋامى بۇ سان ژۇرنىلىمىزدا بەت يېتىشمەسلىك سەۋەبىدىن كېيىنكى سانلارغا قالدۇرۇلدى. قىزغىن ئوقۇرمەنلەر ئەخىر قىلىپ تۇرغاي.

# مۇندەرىجە

## ژۇرنىلىمىزنىڭ ئالاھىدە ماقالىلىرى


مىللەتلەر خىزمىتىنى كۈچەيتىپ، گۈللەنگەن ، مۇقىم چېگرا رايون قۇرۇش ئۈچۈن خىزمەت قىلايلى ................................ ئىسمائىل ئەھمەد (4)

ئەبەدىلئەبەد ئەجدىھانىڭ ۋارىسلىرى ..........................................
— 56 مىللەتنىڭ شىاڭگاڭنىڭ ۋەتىنىمىز قوينىغا قايتىپ كېلىشىنى كۈتۈۋالغانلىقى توغرىسىدا ................................ ياڭ شېڭلۇڭ (15)

بۈيۈك ئىتتىپاقلىق زور تەرەققىياتقا قۇچاق ئاچتى ..........................
— 8 - نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ 5 - يىغىنىدىن زىيارەت خاتىرىسى ................................ ژۇرنىلىمىز مۇخبىرى ۋاڭ خۇگۇيىن (21)

ھاكىمىيەتنىڭ چوڭ ئىشلىرىغا قاتنىشىپ ۋە ھاكىمىيەتنىڭ چوڭ ئىشلىرىنى مۇھاكىمە قىلىپ، ئەمەلىي ئىشلەپ، ھەقىقىي ئۈنۈم ھاسىل قىلىشقا تىرىشايلى.....
— بىر قىسىم ئۆلكىلىك، ئاپتونوم رايونلۇق سىياسىي مەسلىھەت كېڭەشلىرىنىڭ رەئىسلىرى ھاكىمىيەتنىڭ چوڭ ئىشلىرىغا قاتنىشىش ۋە ھاكىمىيەتنىڭ چوڭ ئىشلىرىنى مۇھاكىمە قىلىش ھەققىدە توختىلىشتى... ................................ ژۇرنىلىمىز مۇخبىرى شياۋرەن (28)


## مىللەت ۋە قانۇن


مىللەتلەر مۇناسىۋىتىنى قانۇن ۋاستىسى ئارقىلىق تەڭشەشنىڭ مۇھىم تەدبىرى
— «مىللىي ئۆچمەنلىككە ۋە مىللىي كەمسىتىشكە قۇتراتقۇلۇق قىلىش جىنايىتى» توغرىسىدا پاراڭ ............... پايتەخت پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتىدىن چېن خۇڭ (33)


## مىللىتىم ھەققىدە پاراڭ


كىتاب ۋە كىتابخان ھەققىدە ئويلار ............... ماخمۇت مۇھەممەت (37)


## نەزەرىيە ۋە مۇھاكىمە


ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ قوش تىللىق بولۇشى توغرىسىدا ...................
............... خالىق نىياز، مۇھەببەت قاسىم (43)


## ئىسلاھات ۋە تەرەققىيات


يىپ بازىرىدىكى پاراڭلار ............... ئابدۇرۇسۇل ئابدۇراخمان (46)


## مىللەت ۋە ئاپتونوم جايلار


ياۋزۇ مىللىتى ۋە ئۇلارنىڭ ئاپتونومىيىلىك جايلىرى .................. (48)


## دۇنيا مىللەتلىرى


دانىيىلىكلەرنىڭ مەدەنىي تۇرمۇشى ........................ (56)



**مىللەتلەر ئىتتىپاقى**

دۆلەتلىك مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتىنىڭ باشچىلىقىدا خەنزۇ، موڭغۇل، ئۇيغۇر، قازاق، چاۋشيەن تىللىرىدا چىقىدىغان سىياسىي، ئۇنىۋېرسال خاراكتېرلىك ژۇرنال

«مىللەتلەر ئىتتىپاقى»ژۇرناللىرى نەشرىياتى نەشر قىلدى

نەشرىيات باشلىقى، باش مۇھەررىر:
لى جىنچى (مياۋزۇ)

مۇئاۋىن نەشرىيات باشلىقى، مۇئاۋىن باش مۇھەررىر:
ليۇ جىنسو (موڭغۇل)

مۇئاۋىن باش مۇھەررىرلەر:
نىي ۋېيخۇا (خەنزۇ)
ئىدرىس بارات

مۇئاۋىن نەشرىيات باشلىقى:
جاڭ دېكەن (موڭغۇل)

ئۇيغۇرچە نەشرى
(ئومۇمىي 53 - سان)
ئۇيغۇر تەھرىر بۆلۈمى تۈزدى
باش مۇھەررىر: ئىدرىس بارات
تېلېفون: 2834567
مۇئاۋىن باش مۇھەررىر: ياسىن ھاۋازى
تېلېفون: 2837021

نۆۋەتچى تەھرىرى: خەمىت نىغمەت



ماقالە ئەۋەتىڭ     مۇشتىرى بولۇڭ     قەدەم تەشرىپ قىلىڭ

# مۇندەرىجە




## تۇرمۇشىمىزغا مەسلىھەت

ئەقىل بۇلىقىنى ئېچىش ھەققىدە ھېكمەتلىك سۆزلەر ................. (50)
جىددىي كەيپىياتنى تۈگىتىش ئۇسۇلى ........................ (51)
قېشىڭىزنى تەرمەك .............................................. (51)

## ھەزىل سوئالغا ھەزىل جاۋاب

ئوقۇرمەنلەردىن كەلگەن سوئاللارغا بېرىلگەن جاۋابلار ۋە ئوقۇرمەنلەر ھوزۇرىغا
سۇنۇلغان سوئال ............................................. (52)

## كۈلكە خۇرۇچلىرى

يۇمۇرلار ......................... ھەسەن تىلىۋالدى قاتارلىقلار (54)

## گۈلدەستە

ۋىسال پەيتى (شېئىر) .... ....................... ئىمىن ئەھمىدى (20)
ۋاستىچى تېلېفون (ھېكايە) ...................... مىنەۋۋەر نىياز (57)
ئىككى مەسەل ............................ ئەخەت ھاشىم (60)
قار ياغقان سەھەر(ئىككى نەسىر) .................. ئۇمىدجان قادىرى (62)
رۇبائىيلار ......................... ئوسمانجان ساۋۇت قاتارلىقلار(61)

## قىستۇرمىلار

شىياڭگاڭ ئىقتىسادىنىڭ دۇنيادىكى رەت تەرتىپى ...................... (27)
ئۆم - ئىتتىپاقلىق ھەققىدە ماقال - تەمسىللەر ...................... (59)
ئىتتىپاقلىق ھەققىدە ئەقلىيە سۆزلەر ............................ (59)

## گۈزەل سەنئەت گۈلزارى

مۇقاۋىنىڭ 1 - بېتىدە: 56 مىللەت خەلقى شىياڭگاڭنىڭ ۋەتىنىمىز قوينىغا قايتىپ كېلىشىنى
كۈتۈۋالدى ......................................... سۈرەتنى يۈەن دۈكېيىڭ تارتقان
مۇقاۋىنىڭ 2 - بېتىدە: جۇڭگو ئاز سانلىق مىللەت ئەزىمەتلىرى: سەيپىدىن ئەزىزى
مۇقاۋىنىڭ 3 - بېتىدە: ياۋرۇپالارنىڭ بېزەكلىرى ..... سۈرەتلەرنى ئۇۋياڭ شېڭجۇ تارتقان
مۇقاۋىنىڭ 4 - بېتىدە: قاناس كۆلى .................. سۈرەتنى ئابلىز ئابدۇللا تارتقان

(ئۈرۈمچى جەنۇبىي تىنچلىق يولى
204 - نومۇر 2 - بىنا D ئىشىك)

پوچتا نومۇرى: 830001

«شىنجاڭ گېزىتى» باسما زاۋۇتىدا
بېسىلدى

تاق ئايلارنىڭ 15- كۈنى نەشىردىن
چىقىدۇ

دۆلەت ئىچى ۋە سىرتىدا ئاشكارا
تارقىتىلىدۇ

ئۈرۈمچى شەھەرلىك پوچتا ئىدارىسى
تارقىتىدۇ

ھەر يىلى 5 - ۋە 10 - ئايلاردا
جايلاردىكى پوچتىخانىلار ئارقىلىق
مۇشتەرى قوبۇل قىلىنىدۇ

ۋەكالەت نومۇرى: 117 — 58

ماقالە ئەۋەتىڭ مۇشتەرى بولۇڭ قەدەم تەشرىپ قىلىڭ

# مىللەتلەر خىزمىتىنى كۈچەيتىپ، گۈللەنگەن، مۇقىم چېگرا رايون قۇرۇش ئۈچۈن خىزمەت قىلايلى

— دۆلەت ئىشلىرى كومىسسارى، قوشۇمچە دۆلەتلىك مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتىنىڭ مۇدىرى
ئىسمائىل ئەھمەد




1

ئېلىمىزنىڭ قۇرۇقلۇق چېگرا لىنىيىسى 20 مىڭ كىلومېتىردىن ئارتۇقراق بولۇپ، 15 دۆلەت بىلەن چېگرىلىنىدۇ. چېگرا رايونلىرىمىز 40 نەچچە ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەرنىڭ 135 ناھىيە (شەھەر، خوشۇن)سى بىلەن چېتىشلىق بولۇپ، ئۇنىڭ 107 سى مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلاردۇر. چېگرا رايونلاردا 30 نەچچە مىللەت ئاھالىلىرى ئولتۇراقلاشقان بولۇپ، ئۇلارنىڭ كۆپىنچىلىرى يەنە چېگرا سىرتىدىكى ئوخشاش بىر مىللەت بىلەن قوشنا بولۇپ ئولتۇراقلاشقان. چېگرا رايونلارنىڭ مىللەتلەر خىزمىتى پۈتۈن مەملىكەت مىللەتلەر خىزمىتىنىڭ ئالاھىدە تۈس ئالغان مۇھىم تەركىبىي قىسمى ھېسابلىنىدۇ. چېگرا رايونلارنىڭ مىللەتلەر خىزمىتى ئوبدان ئىشلەنگەندە، چېگرا جايلاردىكى مىللەتلەرنىڭ ئىتتىپاقلىق ۋە تەرەققىيات ئىشلىرىنى ئىلگىرى سۈرۈشتە، چېگرا رايونلار ھەتتا پۈتۈن مەملىكەتنىڭ ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش، ئىشىكنى ئېچىۋېتىش ۋە ئىقتىسادىي قۇرۇلۇش ئىشلىرىنى ئوبدان ئېلىپ بېرىشتا، چېگرا جايلارنىڭ مۇقىملىقىنى ۋە دۆلەتنىڭ بىخەتەرلىكىنى، شۇنىڭدەك بىرلىكىنى قوغداشتا، دۆلىتىمىزنىڭ ئەتراپتىكى دۆلەتلەر بىلەن بولغان ئىناق قوشنىدارلىق ۋە دوستلۇق مۇناسىۋىتىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، دۆلىتىمىزنىڭ زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى ئۈچۈن ئوبدان ئەتراپ مۇھىتى يارىتىشتا ئىنتايىن مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە.

پارتىيە 11 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 3 - ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن، مەركەز 1979 - يىلى مەملىكەتلىك چېگرا مۇداپىئە خىزمىتى يىغىنى چاقىرىپ، چېگرا رايونلار قۇرۇلۇشىنىڭ چوڭ سىياسىي فاڭجېنى ۋە ئىسلاھات تەدبىرلىرىنى بېكىتكەنىدى. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن چېگرا رايونلار ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش، ئىشىكنى ئېچىۋېتىش جەھەتتە زور قەدەملەرنى تاشلىدى، چېگرا رايونلار قىياپىتىدە چوڭقۇر ئۆزگىرىشلەر ھاسىل بولۇپ، شانلىق ئۇتۇقلارغا ئېرىشتى. چېگرا رايونلار خىزمىتىنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى بولغان چېگرا رايونلار مىللەتلەر خىزمىتمۇ ئوخشاشلا غايەت زور نەتىجىلەرگە ئېرىشتى.

### مىللەتلەر خىزمىتىدە ئىقتىسادىي قۇرۇلۇش مەركەز قىلىنىپ، چېگرا رايونلارنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتى ئىلگىرى سۈرۈلدى

پارتىيە 11 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 3- ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن، پارتىيە ۋە دۆلەت خىزمىتىنىڭ مۇھىم نۇقتىسىنى ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشنى مەركەز قىلىش ئىزىغا يۆتكىدى. چېگرا رايونلاردىكى مىللەتلەر خىزمىتى تارماقلىرى پۈتۈن پارتىيە خىزمىتىنىڭ ئومۇملۇقىغا بويسۇنۇپ ۋە ئۇنىڭ ئۈچۈن خىزمەت قىلىپ، خىزمەتنىڭ مۇھىم نۇقتىسىنى يۆتكەشنى ئىشقا ئاشۇرۇپ، كۈچنى ئاز سانلىق مىللەتلەر رايونلىرىنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتىغا قارىتىپ، ئۆزلىرىنىڭ مەسئۇلىيىتىنى ئادا قىلدى، خىزمەتنىڭ مۇھىم نۇقتىسى، خىزمەت ئۇسۇلى، خىزمەت ۋاستىسى

قاتارلىق جەمئەتلەردە ھەممە ئەھۋالنى ھېسابقا ئېلىپ، ئالاھىدىلىكنى گەۋدىلەندۈرۈپ، چېگرا رايونلار ئىقتىسادىنىڭ تەرەققىياتى ئۈچۈن تۆھپە قوشتى. 1995- يىلىنىڭ ئاخىرىغا كەلگەندە، مەملىكەت بويىچە چېگرا جايلارغا جايلاشقان 135 ناھىيە (شەھەر، خوشۇن)نىڭ سانائەت ۋە يېزا ئىگىلىك ئومۇمىي ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى 78 مىليارد 400 مىليون يۈەنگە يەتتى. يەرلىك مالىيە كىرىمى يىلسايىن ئۇداكۆپىيىپ، ئۇنۇۋېرسال ئەمەلىي ئىقتىسادىي كۈچى ئۈزلۈكسىز ئېشىپ باردى.

**ئېقىمغا ماسلىشىپ، ئۆز جايىنىڭ ئەھۋالىغا يارىشا ئىش كۆرۈپ، چېگرىدىكى ئاز سانلىق مىللەتلەر رايونلىرىنىڭ ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش، ئىشىكنى ئېچىۋېتىش ئىشلىرى پائال ئىلگىرى سۈرۈلدى**

ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش، ئىشىكنى ئېچىۋېتىش — مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى - تەرەققىياتى ئىشلىرى ۋە چېگرا رايونلارنى گۈللەندۈرۈشنىڭ مۇقەررەر يولى. ھەرقايسى جايلار ئىسلاھاتنى مىللەتلەر خىزمىتىنىڭ ھەرقايسى تەرەپلىرىگە سىڭدۈردى. چېگرا رايونلاردىكى مىللەتلەر خىزمىتى تارماقلىرى ئىسلاھاتنىڭ ھەرقايسى باسقۇچ، ھەرقايسى تەرەپلىرىگە پائال ئىشتىراك قىلىپ، ئالاقىدار تارماقلارغا زىچ ماسلىشىپ، ئىسلاھاتنىڭ ئومۇمىي نىشانى، ئومۇمىي سىياسىتى بويىچە ئىش كۆرۈپ، ئۆز جايلىرىنىڭ ئەھۋالىغا ئۇيغۇن كېلىدىغان كونكرېت سىياسەت ۋە تەدبىرلەرنى بېكىتتى. چېگرا رايونلارنىڭ ئىشىكنى سىرتقا ئېچىۋېتىشى ئىچكى قىسمىدىن سىرتقا يۈزلىنىش، تەرتىپ بويىچە تەدرىجىي يوسۇندا ئىلگىرىلەشتىن ئىبارەت جەرياننى بېسىپ ئۆتتى. 1979 - يىلىدىكى مەملىكەتلىك چېگرا مۇداپىئە خىزمىتى يىغىنى شەرقىي قىسىم رايونلاردىكى تەرەققىي قىلغان ئۆلكە - شەھەرلەر چېگرا جايلار ۋە ئاز سانلىق مىللەتلەر رايونلىرىغا ساھەلەر بويىچە ياردەم قىلىشنى بېكىتكەندىن كېيىن، تەرەققىي قىلغان رايونلارنىڭ مەبلەغ ۋە تېخنىكىسىنىڭ چېگرا جايلاردىكى تېخى تەرەققىي قىلمىغان رايونلارغا يۆتكىلىشى ئىلگىرى سۈرۈلۈپ، چېگرا رايونلارنىڭ قۇرۇلۇش قەدىمى چاپسانلاشتى. 1987 - يىلى مەركەزنىڭ مۇناسىۋەتلىك ھۆججەتلىرىدە يېڭى دەۋردىكى مىللەتلەر خىزمىتىنىڭ يېتەكچى ئىدىيىسى ۋە تۈپ ۋەزىپىسى بېكىتىلىپ، چېگرا رايونلار پايدىلىق شارائىتتىن پايدىلىنىپ تاشقى ئىقتىسادىي- تېخنىكا ئالماشتۇرۇش ۋە ھەمكارلىقنى پائال قانات يايدۇرۇپ، چېگرا رايوننى گۈللەندۈرۈپ، خەلقنى بېيىتىش، چېگرا مۇداپىئەسىنى مۇستەھكەملەش لازىم، دەپ ئېنىق كۆرسىتىلگەنلىكى چېگرا رايونلارنىڭ مىللەتلەر خىزمىتىگە كۈچلۈك دەرىجىدە تۈرتكە بولدى.

چېگرا رايونلار ئۆزلىرىنىڭ ئورۇن ئەۋزەللىكىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇپ، چېگرا ئاھالىلىرى ئارا بازار پائالىيىتىنى قانات يايدۇرۇپ، چېگرا سودىسىنى تەرەققىي قىلدۇردى. 1995 - يىلىغا كەلگەندە، چېگرا سودىسىنىڭ ئومۇمىي سوممىسى 3 مىليارد 335 مىليون ئامېرىكا دوللىرىغا يەتتى.

1992 - يىلى گوۋۇيۈەن خېيخې، غۇلجا، پىڭشياڭ قاتارلىق 13 چېگرا شەھىرىنى سىرتقا ئېچىۋېتىشنى ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ تەستىقلىدى ھەمدە چېگرىدىكى سىرتقا ئېچىۋېتىلگەن مۇشۇ 13 شەھەردە چېگرا ئىقتىسادىي ھەمكارلىق رايونى تەسىس قىلىشنىمۇ تەستىقلىدى، بۇنىڭ بىلەن چېگرا رايونلارنىڭ سىرتقا ئېچىۋېتىلىشى يېڭى بىر باسقۇچقا كىردى. سىرتقا ئېچىۋېتىش جانلىق يولغا قويۇلۇش بىلەن ئىچكى جەھەتتىمۇ، سىرتقىمۇ ئېچىۋېتىلگەن، جەنۇبقىمۇ، شىمالغىمۇ يۈزلەنگەن، شەرق بىلەن غەرب بىر - بىرىنى تولۇقلاشتىن ئىبارەت كۆپ قاتلاملىق، ئومۇمىي دائىرىلىك ئېچىۋېتىلگەن يېڭى ھالەت ھاسىل قىلىندى.

**ۋەتەننىڭ بىرلىكى ۋە چېگرا رايونلارنىڭ مۇقىملىقى قەتئىي قوغدىلىپ، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى ۋە ئارمىيە - خەلق ئىتتىپاقلىقى ئۈزلۈكسىز تۈردە ئىلگىرى سۈرۈلدى**

سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى ئۈچۈن تىنچ - خاتىرجەم بولغان مۇھىت يارىتىپ بېرىش — چېگرا جايلاردىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ شەرەپلىك مەسئۇلىيىتى ۋە ئۇزۇن مۇددەتلىك ۋەزىپىسى. بۇنىڭ ئۈچۈن، چېگرا رايونلاردىكى مىللەتلەر خىزمىتى تارماقلىرى چېگرا جايلاردىكى مىللەتلەر خىزمىتىنىڭ ئالاھىدىلىكىنى پۇختا ئىگىلەپ، خىزمەت داۋامىدا ھەر ئىشتا، ھەر جايدا ئىتتىپاقلىقنى ئىلگىرى سۈرۈشى، مۇقىملىقنى ئىلگىرى سۈرۈشى، ھەر مىللەت ئاممىسىنى

ئۆزئارا باراۋەر ـ تەڭ مۇئامىلىدە بولۇپ، ئۆزئارا ھەمكارلىشىپ، ئارتۇقچىلىقلىرىنى قوبۇل قىلىپ، كەمتۈك يەرلىرىنى تولۇقلاشقا يېتەكلىشى كېرەك. تارىخقا ھۆرمەت قىلىش، رېئاللىققا ئېتىبار قىلىش، سۆز بىلەن قايىل قىلىش تەربىيىسى بېرىش ئۇسۇللىرىنى قوللىنىپ، ھەر خىل ماجىرالارنى ۋاقتىدا مۇۋاپىق بىر تەرەپ قىلىشى كېرەك. خىلمۇ خىل شەكىللەرنى قوللىنىپ ئىتتىپاقلىقنى ئىلگىرى سۈرۈشى، ھەمكارلىقنى ئىلگىرى سۈرۈشى، ئىتتىپاقلىق ـ تەرەققىيات مۇسابىقىسى ۋە ئارمىيە ـ خەلق بىرلىكتە مەدەنىيەتلىك ئورۇن بەرپا قىلىش پائالىيىتىنى قانات يايدۇرۇپ، ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ ئەنئەنىۋى بايراملىرى ۋە كەڭ ئاممىنىڭ ياقتۇرىدىغان ئەدەبىيات ـ سەنئەت، تەنتەربىيە، كۆڭۈل ئېچىش پائالىيەتلىرىدىن پايدىلىنىپ ماركسىزملىق مىللەت قارىشى تەربىيىسى، دۆلەت مۇداپىئەسى تەربىيىسى ۋە ۋەتەنپەرۋەرلىك تەربىيىسى ئېلىپ بېرىش كېرەك. تۆمەن چاقىرىملىق چېگرا رايون ياقىسىدىكى گازارمىلاردا ئارمىيە خەلقنى سۆيىدىغان، خەلق ئارمىيىنى ھىمايە قىلىدىغان، ئارمىيە ـ خەلق بىر كىشىدەك ئىتتىپاق ـ ئىناق، ھەر مىللەت قېرىنداشلار بىر ئائىلە كىشىلىرىدەك چىن تۇغقان بولغان ياخشى ئىجتىمائىي كەيپىياتنى تىرىشىپ يارىتىشى كېرەك.

چېگرا رايونلاردا كۆپىنچە جەمئىيەتنىڭ مۇقىملىقىغا خەۋپ يەتكۈزىدىغان بەزى ئالاھىدە مەسىلىلەر كۆرۈلۈپ تۇرىدۇ، بۇنىڭ ئۈچۈن، مىللەتلەر خىزمىتى تارماقلىرى باشقا تارماقلارغا ماسلىشىپ خىزمەتنى كۈچەيتىشكە توغرا كېلىدۇ. مەسىلەن، جىنايى ئىشلار جىنايەتلىرىگە زەربە بېرىش، سىرىق مەرەزلەرنى تازىلاپ، قانۇنسىز نەشر بۇيۇملىرىغا زەربە بېرىش، مەدەنىيەت بازارلىرىنى ساپلاشتۇرۇش، قانۇنسىز ئۇنسۇرلارنىڭ زەھەرلىك چېكىملىك ئەتكەسچىلىكلىرىنىڭ مەنبەسىنى ئېتىش، ئاز سانلىق مىللەتلەر يېزىلىرى بىلەن بېسىلىپ چەت ئەللەردىن كىرگۈزۈلگەن ئەكسىيەتچىل تەشۋىقات بۇيۇملىرىنى توسۇش قاتارلىق جەھەتلەردە مىللەتلەر خىزمىتى تارماقلىرى بىرمۇنچە خىزمەتلەرنى ئىشلىدى.

چېگرا رايونلار دۈشمەن كۈچلەرنىڭ سىڭىپ كىرىشكە، بۆلگۈنچىلىك ھەرىكەتلىرى ئېلىپ بېرىشىغا قارشى تۇرۇشتىكى ئالدىنقى سەپ بازىسى ھېسابلىنىدۇ. ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى قوغداش ۋە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى قوغداش ئۈچۈن، بۆلگۈنچىلىككە ۋە سىڭىپ كىرىشكە قارشى تۇرۇش كېرەك. مىللەتلەر خىزمىتى تارماقلىرى پارتىيىنىڭ مىللىي سىياسىتى ۋە دىن سىياسىتىنى ئومۇميۈزلۈك ئىزچىللاشتۇرۇپ، ۋەتەنپەرۋەرلىك تۇغىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ، ھەر مىللەت كادىرلىرى ۋە ئاممىسىغا تايىنىپ، ساقلىنىپ تۇرۇۋاتقان مەسىلىلەرنى كۆزدە تۇتۇپ، ۋاقتىدا تەدبىر قوللىنىپ ھەر خىل يوشۇرۇن ئاپەتلەرنى تىرىشىپ تۈگەتتى، ئىچكى-تاشقى دۈشمەن كۈچلەرنىڭ سۇيىقەستلىرىنى مەغلۇپ قىلىپ، مىللىي بۆلگۈنچى ئۇنسۇرلارنىڭ بۇزغۇنچىلىق ھەرىكەتلىرىگە كۈچلۈك زەربە بەردى، بۇنىڭ بىلەن چېگرا مۇداپىئەسىنى مۇستەھكەملىدى، تىنچ ـ ئىتتىپاق بولغان ئوبدان ۋەزىيەتنى قوغداپ قالدى.

**ھەر خىل ئىجتىمائىي ئىشلارنىڭ تەرەققىياتى پائال ئىلگىرى سۈرۈلۈپ، چېگرا رايونلاردىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئومۇميۈزلۈك تەرەققىيات ئىشلىرى ئىلگىرى سۈرۈلدى**

مائارىپ ئىشلىرىنى راۋاجلاندۇرۇش مىللەت ساپاسىنى ئۆستۈرۈشنىڭ تۈپ يولى ھېسابلىنىدۇ. دۆلەت چېگرا رايونلارنىڭ مائارىپ ئىشلىرىنى راۋاجلاندۇرۇشقا يۇكسەك دەرىجىدە ئەھمىيەت بېرىدۇ. گوۋۇيۈەن 1979 ـ يىلى چېگرا رايونلاردىكى ناھىيە (شەھەر، خوشۇن) تەۋەسىدىكى ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپ خەلق ئوقۇتقۇچىلىرىنى سىناپ لاياقەتلىك بولغانلىرىنى پۈتۈنلەي دۆلەت ئوقۇتقۇچىلىقىغا ئۆزگەرتىشنى تەستىقلىغانىدى، بۇ چېگرا رايونلارنىڭ مەجبۇرىيەت مائارىپىنى ئومۇملاشتۇرۇشى، ئاممىنىڭ يۇكىنى يېنىكلىتىشى، ئوقۇتقۇچىلار قوشۇنىنى مۇقىملاشتۇرۇشىدا مۇھىم رول ئوينىدى. ھەرقايسى جايلار ئاز سانلىق مىللەتلەر مائارىپىنى راۋاجلاندۇرۇشتا مېڭىسىنى ئىشقا سېلىپ چارە ـ تەدبىر ئويلاپ چىقىپ بىرمۇنچە خىزمەتلەرنى ئىشلىدى. چېگرا رايونلار شۇ جايدىكى مىللەتنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ۋە تۇرمۇش ئالاھىدىلىكىگە ماس كېلىدىغان مەكتەپ باشقۇرۇش شەكىللىرى ئۈستىدە ئىزدىنىپ، مەكتەپ باشقۇرۇش شەرت ـ شارائىتىنى ياخشىلاپ مائارىپتا كۆرۈنەرلىك نەتىجىلەرنى ياراتتى.

چېگرا جايلاردىكى ئاز سانلىق مىللەتلەر رايونلىرىنىڭ پەن ـ تېخنىكا ئىشلىرى تەرەققىياتقا ئېرىشتى. بەزى رايونلار ئىلمىي تەتقىقات ئورۇنلىرىنىڭ سانى، پەن ـ تېخنىكا خادىملىرى قوشۇنىنىڭ ساپاسى قاتارلىق جەھەتلەردە مەملىكەت بويىچە ئىلغارلار قاتارىغا ئۆتتى، ئۇنىڭدىن باشقا

يەنە پەن-تېخنىكىنى ئومۇملاشتۇرۇش خىزمىتىمۇ پائال ئىشلىنىپ، پەن ـ تېخنىكىنىڭ ئىككى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىدىكى گەۋدىلىك رولى جارى قىلدۇرۇلدى.

كۆپ تارماقلارنىڭ قوللىشى ۋە ئىشتىراك قىلىشى ئارقىسىدا چېگرا رايونلاردىكى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى ئىشلىرى كۆرۈنەرلىك مۇۋەپپەقىيەتلەرگە ئېرىشتى.

چېگرا رايونلارنىڭ تېببىي ـ دورىگەرلىك ئىشلىرى تەرەققىي قىلدۇرۇلۇپ، سەھىيە، يۇقۇملۇق كېسەللىكلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش، ساقلىقنى ساقلاش ۋە تېببىي داۋالاش مۇلازىمىتى ئۈنۈملۈك ئىشلىرى تەدرىجىي مۇكەممەللەشتۈرۈلۈپ، ھەر مىللەت ئاممىسىنىڭ ساغلاملىق سەۋىيىسى كۆرۈنەرلىك دەرىجىدە ئۆستۈرۈلدى.

**پۇختا خىزمەتلەر ئارقىلىق، چېگرا رايونلاردىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ تۇرمۇش سەۋىيىسى ئۈزلۈكسىز تۈردە ئۆستۈرۈلدى**

نامراتلارغا يار ـ يۆلەك بولۇش بويىچە ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىش ئىشىنى ياخشى ئېلىپ بېرىش، ئاممىنىڭ قورسىقى توق، كىيىمى پۈتۈن بولۇش مەسىلىسىنى ھەل قىلىش چېگرا رايونلاردىكى خەلقنىڭ تۇرمۇشىنى ياخشىلاشنىڭ مۇھىم تەرىپى ھېسابلىنىدۇ. چېگرا رايونلاردىكى مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتلىرىدا ئىشلەيدىغان يولداشلار بۇ خىزمەتكە يۇكسەك مەسئۇلىيەتچانلىق تۇيغۇسى ۋە ناھايىتى زور قىزغىنلىق بىلەن ئاتلىنىپ، مۇناسىۋەتلىك سىياسەتلەرنى ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، چېگرا رايونلاردىكى نامراتلارغا يار ـ يۆلەك بولۇش خىزمىتىنى ناھايىتى زور ئۇتۇقلارغا ئېرىشتۈردى، بۇنىڭ بىلەن، بىر مۇنچە ناھىيە نامراتلىق قالپىقىنى چۆرۈپ تاشلاپ، «ھاللىق» سەۋىيىدىكىلەر قاتارىغا ئۆتەلىدى. 1995 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىدا چېگرا رايونلاردىكى 21 ناھىيە دېھقانلىرىنىڭ ئوتتۇرىچە ساپ كىرىمى 2000 يۈەندىن ئېشىپ كەتتى.

نەتىجىلەرنى تولۇق مۇئەييەنلەشتۈرۈش بىلەن بىر ۋاقىتتا شۇنىمۇ كۆرۈشىمىز كېرەككى، چېگرا رايونلار ھازىر تېخى كۈچ توپلاپ، شەرت ـ شارائىت ھازىرلاپ تەرەققىياتنى تېزلەشتۈرۈشنىڭ دەسلەپكى باسقۇچىدا تۇرماقتا. ئاساس ئاجىز بولۇش، سېلىنما يېتىشمەسلىك، مالىيە جەھەتتە قىيىنچىلىق بولۇش، ئۆزى مەبلەغ توپلاش، ئۆزىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ئىقتىدارى ناچار بولۇش، ئىختىساسلىقلار كەم بولۇش، نامراتلارغا يار ـ يۆلەك بولۇش ۋەزىپىسى مۇشكۈل بولۇشتەك بىر مۇنچە مەسىلىلەرمۇ مەۋجۇت بولغاچقا، چېگرا رايونلارنىڭ مىللەتلەر خىزمىتى جەھەتتىكى ۋەزىپىسى ئېغىر، يولى يىراق بولماقتا.

2

ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش، ئىشىكنى ئېچىۋېتىش يولغا قويۇلغاندىن بۇيان، چېگرا رايونلارنىڭ مىللەتلەر خىزمىتى كۆپ جەھەتتىن ئۇتۇق قازاندى ھەمدە بىر مۇنچە مۇۋەپپەقىيەت تەجرىبىلىرىنىمۇ توپلىدى. ھەرقايسى جايلار ياراتقان تەجرىبىلەر ئاساسلىقى تۆۋەندىكى بىرقانچە جەھەتتە ئىپادىلىنىدۇ:

**(1) ئومۇملۇققا بويسۇنۇش، ئومۇملۇق ئۈچۈن خىزمەت قىلىش**

مىللەتلەر خىزمىتى پارتىيە خىزمىتىنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى ھېسابلىنىدۇ. ئۇ پۈتۈن پارتىيە خىزمىتىدىكى ئومۇملۇققا بويسۇنۇشى ۋە ئومۇملۇق ئۈچۈن خىزمەت قىلىشى شەرت، دېڭ شياۋپىڭنىڭ جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش توغرىسىدىكى نەزەرىيىسىنى ۋە پارتىيىنىڭ ئاساسىي لۇشيەنىنى قەتئىي ئىزچىللاشتۇرۇپ، نەزەرىيە جەھەتتە سەگەك ۋە سىياسىي جەھەتتە قەتئىي بولۇپ، پارتىيىنىڭ لۇشيەن، فاڭجېن، سىياسەتلىرىنى ئىجرا قىلىش ئاڭلىقلىقىنى ئۆستۈرۈپ، ئاز سانلىق مىللەتلەر رايونلىرىنىڭ شۇنىڭدەك پۈتكۈل دۆلەتنىڭ زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى ئۈچۈن ئوبدان ئىجتىمائىي مۇھىت يارىتىشى كېرەك.

مانا بۇ چېگرا رايونلارنىڭ مىللەتلەر خىزمىتىدە مىللىي مەسىلىنى ماركسىزملىق مىللەت قارىشىدا چىڭ تۇرۇپ تونۇشنى، مىللىي مەسىلىنى سوتسىيالىزم پرىنسىپى بويىچە بىر تەرەپ قىلىپ، مىللەتلەر خىزمىتىنى پۈتۈن پارتىيە خىزمىتى ئومۇملۇقىدا مۇۋاپىق جايىنى تېپىپ، تېگىشلىك رولىنى جارى قىلدۇرىدىغان قىلىشنى تەلەپ قىلىدۇ.

**(2) ئىتتىپاقلىقتا چىڭ تۇرۇپ، تەرەققىياتنى ئىزچىل ئىلگىرى سۈرۈش**

ئىتتىپاقلىقتا چىڭ تۇرۇش دېگەنلىك، باراۋەرلىك، ئىتتىپاقلىق، ھەمكارلىقتىن ئىبارەت سوتسىيالىستىك مىللەتلەر مۇناسىۋىتىنى راۋاجلاندۇرۇشنى يېقىندىن

چۈرىدىگەن ھالدا خىزمەتنى قانات يايدۇرۇش، دىگەنلىك بولىدۇ. مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىغا پايدىلىق بولغانلىكى ئىشلارنى كۆپ قىلىش ۋە تېز قىلىش كېرەك. مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىغا پايدىلىق بولغانلىكى تەجرىبىلەرنى زور كۈچ بىلەن كېڭەيتىش كېرەك. ھەرقايسى مىللەتلەرنى باراۋەر، ئىتتىپاق بولۇپ، ئىناق بىللە ئۆتۈپ، ئۆزئارا ھەمكارلىشىپ زامانىۋىلاشقان دۆلەت قۇرۇپ چىقىش ئۈچۈن بىرلىكتە تىرىشىپ كۈرەش قىلىدىغان قىلىش كېرەك. ئىتتىپاقلىقتا چىڭ تۇرۇشتا ۋەتەنپەرۋەرلىكتىن ئىبارەت ئۇلۇغ تۇغنى ئېگىز كۆتۈرۈش شەرت.

تەرەققىياتنى تىرىشىپ ئىلگىرى سۈرۈشتە، ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشنى مەركەز قىلىشتا باشتىن ـ ئاخىر چىڭ تۇرۇپ، ئاز سانلىق مىللەتلەر رايونلىرىنىڭ ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش، ئىشىكنى ئېچىۋېتىش ئىشلىرىنى ئىلگىرى سۈرۈش، ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى ئازاد قىلىش، ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى راۋاجلاندۇرۇش ئارقىلىق چېگرا رايونلارنى مۇمكىنقەدەر تېزرەك تەرەققىي قىلدۇرۇپ، چېگرا رايونلاردىكى خەلقنى بالدۇرراق بېيىتىپ، ھەر مىللەت خەلقنى سوتسىيالىزم داغدام يولىدا بىپىبېگى قىياپەت بىلەن، كۆتۈرەڭگۈ روھلۇق ھالدا چوڭ قەدەم تاشلاپ ئالغا بېسىشقا مۇۋەپپەق قىلىش كېرەك.

مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى بىلەن مىللەتلەر تەرەققىياتى ئۆزئارا ماسلىشىپ ۋە بىر ـ بىرىنى تولۇقلاپ، بىر ـ بىرىنى ئىلگىرى سۈرىدۇ. ئىتتىپاقلىق تەرەققىياتنىڭ ئالدىنقى شەرتى، تەرەققىيات ئىتتىپاقلىقنىڭ ئاساسى ھېسابلىنىدۇ. ئىقتىسادنى راۋاجلاندۇرۇپ، مىللەتلەرنى تەرەققىياتقا ئېرىشتۈرۈش ئۈچۈن، چېگرا رايونلاردىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئىتتىپاقلىقىنى قوغداش كېرەك، چېگرا رايونلارنىڭ مۇقىملىقىنى ساقلاپ، ھەر مىللەت خەلقىنى كۆڭلى بىر يەرگە ئىنتىلىدىغان، كۈچنى بىر يەرگە سەرپ قىلىدىغان، بىر نىيەت ـ بىر مەقسەتتە قۇرۇلۇش بىلەن شۇغۇللىنىدىغان ھالەتكە كەلتۈرۈشىمىز كېرەك. ئىقتىساد راۋاجلانغاندىلا، ئاندىن چېگرا مۇداپىئەسىنىڭ مۇستەھكەم، مىللەتلەرنىڭ ئىتتىپاق بولۇشى ئۈچۈن پۇختا ماددىي ئاساس ھازىرلانغىلى بولىدۇ.

**(3) ئۆز يېرىنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىغا يارىشا ئىش كۆرۈش، ئارتۇقچىلىقلىرىنى جارى قىلدۇرۇپ، يېتىشسىزلىكلىرىنى تولۇقلاش**

دۆلىتىمىزنىڭ چېگرا لىنىيىسى ئۇزۇن، جۇغراپىيىۋى مۇھىتى كۆپ پەرقلىق، چېگرا رايونلاردا مىللەتلەر تولا، ئىقتىسادىي تەرەققىيات ئەھۋالى تەكشى ئەمەس. مانا مۇشۇ كونكرېت ئەھۋاللار چېگرا رايونلاردىكى مىللەتلەر خىزمىتىدە ئۆز يېرىنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىغا يارىشا ئىش كۆرۈش لازىملىقىنى، ھەممىنى بىر تاياقتا ھەيدەشكە، تەك قەدەم بىلەن يۈرۈشكە بولمايدىغانلىقىنى بەلگىلىگەن.

ئۆز يېرىنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىغا يارىشا ئىش كۆرۈشتە، تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش خىزمىتىنى كۈچەيتىش ئارقىلىق ئۆز يېرىنىڭ ئەھۋالىغا بولغان تونۇشىنى ئۈزلۈكسىز چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، ئەھۋالنى ئوبدان ئىگىلەپ، ئۆزىنىڭ تەرەققىيات ھەققىدىكى تەسەۋۋۇرلىرىنى، سىياسەت ـ تەدبىرلىرىنى ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇنلاشتۇرۇشقا توغرا كېلىدۇ.

**(4) پۇرسەتنى چىڭ تۇتۇپ، ۋەزىيەتنى غەنىيمەت بىلىپ دەرھال ئاتلىنىش**

ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش، ئىشىكنى ئېچىۋېتىش داۋامىدا، چېگرا رايونلار پۈتۈن مەملىكەت ئىگە بولغان ئوخشاش ئورتاق پۇرسەتكە ئىگە بولۇپلا قالماستىن، چېگرا رايونلاردا ئۆز ئالدىغا بولغان ئالاھىدە پۇرسەتلەرگىمۇ بىرقانچە قېتىم ئىگە بولدى. 80 ـ يىللاردا قوشنا دۆلەتلەر بىلەن چېگرا سودىسىنى راۋاجلاندۇرۇشتىن ئىبارەت پۇرسەت ئوتتۇرىغا چىققاندى؛ 90 ـ يىللاردا گوۋۇيۈەنىنىڭ چېگرا رايونلارغا جايلاشقان 13 شەھەرنى سىرتقا ئېچىۋېتىلگەن شەھەر قىلىش ۋە چېگرا ئىقتىسادىي ھەمكارلىق رايونى تەسىس قىلىشنى تەستىقلىغانلىق پۇرسىتى بولدى. چېگرا رايونلار ئاشۇ تارىخىي پۇرسەتلەرنى چىڭ تۇتۇپ، ئىسلاھاتنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، ئېچىۋېتىش دائىرىسىنى كېڭەيتىپ، ئىچكى جەھەتتە كىرگۈزۈپ، تاشقى جەھەتتە ھەمكارلىشىپ، ئىقتىسادىي تەرەققىياتنى ھاياتىي كۈچكە ئىگە قىلدى.

پۇرسەتنى چىڭ تۇتۇش ئۆتكۈر ئىنكاس قايتۇرۇش ئىقتىدارى ۋە كۆزىتىش ئىقتىدارى بولۇشنى تەلەپ قىلىدۇ. پۇرسەت كەلگەن ھامان، ئۇنى ۋاقتىدا دەرھال چىڭ تۇتۇش كېرەك. تۇتقاندىمۇ ھەرگىز بوش كەتكۈزۈپ قويماي چىڭ تۇتۇپ، دەرھال ھەرىكەتكە كېلىش كېرەك ۋە پۇرسەتنى ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچكە ئايلاندۇرۇپ، پۇرسەتنى ئۈنۈمگە ئايلاندۇرۇش كېرەك. پۇرسەت كېلىدۇ ـ يۈ، ھايت ـ ھۇيت

دېڭۇچە تېزلا ئۆتۈپ كېتىدۇ، قايتا كەلمەيدۇ، ئۇنىڭ ئورنىنى تولدۇرۇۋالغىلىمۇ بولمايدۇ.

**(5) كۆز قاراشنى ئۆزگەرتىپ، يېڭى يولدا مېڭىشقا جۈرئەت قىلىش**

ئۇستۇنلۇكنى جارى قىلدۇرۇپ، پۇرسەتنى ئىگىلەش ئىدىيىنى ئازاد قىلىپ، كۆزقاراشنى ئۆزگەرتىشتىن ئايرىلىپ كېتەلمەيدۇ. چېگرا ياقىسىدىكى ئاز سانلىق مىللەتلەر رايونلىرى تارىخىي، جۇغراپىيىۋى، ئىجتىمائىي سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن تەرەققىياتتا سەل ئاستىراق بولۇپ، كىشىلەرنىڭ ئىدىيىۋى كۆز قارىشى مۇناسىپ ھالدا تەسىر ۋە چەكلىمىگە ئۇچراپ كەلدى. بۇ ئەھۋال چېگرا رايونلاردىكى مىللەتلەر خىزمىتىدە جەزمەن ئىدىيىنى ئازاد قىلىپ، كۆز قاراشنى ئۆزگەرتىپ، ئىدىيىنى تەرەققىي قىلىپ ئۆزگىرىۋاتقان ئوبيېكتىپ ئەھۋالغا ئۇيغۇنلاشتۇرۇشنى تەلەپ قىلىدۇ.

ھەممىدە چېگرا رايونلارنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىنى ئاساس قىلىپ، ھەق ـ ناھەق ۋە پايدا ـ زىياننى «ئۈچ پايدىلىق بولۇش» ئۆلچىمى بىلەن ئۆلچەپ چىقىش كېرەك. توغرا تاپقاننى دادىللىق بىلەن قىلىش كېرەك. باشقىلار قىلىپ باقمىغان بولسىمۇ، ئۆزىدە شەرت ـ شارائىت يېتىلگەنلا بولسا ئەمەلىيەتتىن ئۆتكۈزۈشكە جۈرئەت قىلىپ، باشقىلارغا باشلامچىلىق بىلەن قىلىپ كۆرسىتىپ بېرىشكە جۈرئەت قىلىپ ئىلگىرى ھېچكىم مېڭىپ باقمىغان يوللارنى مېڭىش كېرەك. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، قەتئىي ھالدا ئىلمىي پوزىتسىيىدە بولۇپ، چېگرا رايونلارنىڭ ئوبيېكتىپ مۇھىتىنى تولۇق كۆزدە تۇتۇپ، ئالاقىدار سىياسەتنى ئوبدان ئىجرا قىلىپ، پۇختا قەدەملەر بىلەن ئالغا بېسىش كېرەك.

**(6) ئوبدان ماسلىشىپ، بىرلىكتە ئالغا بېسىش**

چېگرا رايونلاردىكى مىللەتلەر خىزمىتىنىڭ مۇھىملىقى ۋە مەزمۇنىنىڭ كەڭلىكى بۇ خىزمەتنى مىللەتلەر ئىشلىرى تارماقلىرىنىڭ ئۆزىلا يەككە ـ يېگانە ھالدا ئىشلىسە بولمايدىغانلىقىنى بەلگىلىگەن. بۇنىڭ ئۈچۈن تەسەۋۋۇر يولىنى كېڭەيتىپ، يۈرۈش دائىرىسىنى زورايتىپ، بارلىق ئاكتىپ ئامىللارنى ئىشقا سېلىپ، چېگرا رايونلارنىڭ مىللەتلەر خىزمىتىگە جەمئىيەتتىكى ھەرقايسى جەھەتلەردىكىلەرنىڭ ھەممىسىنى قىزغىن كۆڭۈل بۆلەلەيدىغان ۋە پائال قاتنىشالايدىغان قىلىش كېرەك، بولۇپمۇ مىللەتلەر خىزمىتى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك بولغان تارماقلارنىڭ رولىنى جارى قىلدۇرۇشقا ئالاھىدە دىققەت قىلىش كېرەك.

يېقىنقى يىللار مابەينىدە مۇناسىۋەتلىك تارماقلار ۋە چېگرا مۇداپىئە قىسىملىرى مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى كۈچەيتىش، چېگرا رايونلارنىڭ مۇقىملىقىنى قوغداش جەھەتلەردە كارامەت ئۈنۈملۈك بولغان بىرمۇنچە خىزمەتلەرنى ئىشلىدى. چېگرا رايونلاردىكى مىللەتلەر خىزمىتىنىڭ تۈرلۈك ۋەزىپىلىرى ئالاقىدار تارماقلارنىڭ ئورتاق كۈرەش قىلىشى ئارقىسىدا ئورۇندالغان.

ھەرقايسى تارماقلارنى ماسلاشتۇرۇپ مىللەتلەر خىزمىتىگە قاتناشتۇرۇش ۋە ئۇنى قوللاشقا رىغبەتلەندۈرۈش جەريانىدا مىللەتلەر خىزمىتى تارماقلىرىنىڭ فۇنكسىيىلىك رولىنى جارى قىلدۇرۇش ئىنتايىن مۇھىم. مىللەتلەر خىزمىتى تارماقلىرى تەشەببۇسكارلىق روھىغا، ئىجادكارلىق روھىغا ۋە ماسلاشتۇرۇش ئىقتىدارىغا ئىگە بولۇشى، پارتكوملارنىڭ مەسلىھەتچىلىك ۋە ياردەمچىلىك خىزمىتىنى ئوبدان ئىشلەپ، پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورۇنلىرىنىڭ ئېتىبار بېرىشىنى قولغا كەلتۈرۈشى كېرەك. مۇناسىۋەتلىك خىزمەتلەردە مۇستەقىل كۆز قارىشى بولغان تەدبىر ـ پىكىرلىرىنى ئويلاپ چىقىپ، قىممىتى بولغان تەكلىپلىرىنى ئوتتۇرىغا قويالىشى، ئەمەلىيەتتە ھەقىقىي ئاقىدىغان لايىھەلەرنى ئوتتۇرىغا چىقىرالىشى، ھەرقايسى جەھەتلەرنىڭ كۈچىنى توپلاپ، مىللەتلەر خىزمىتىنى ئىلگىرى سۈرەلەيدىغان بولۇشى كېرەك.

**(7) ئىچكى ماھارىتىنى چىداملىق بىلەن يېتىلدۈرۈپ، جاسارەت بىلەن تىرىشىپ ئىشلەش**

چېگرا رايونلارنىڭ مىللەتلەر خىزمىتىدە ئىچكى كۈچ بىلەن سىرتقى كۈچنىڭ، ئۆز كۈچىگە تايىنىپ ئىش كۆرۈش بىلەن دۆلەتنىڭ يۆلەپ ياردەم قىلىشىنىڭ مۇناسىۋىتىنى ئوبدان بىر تەرەپ قىلىش مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە. چېگرا جايلاردىكى ئاز سانلىق مىللەتلەر رايونلىرىنىڭ تەرەققىياتىنى تېزلەشتۈرۈشتە ئەڭ مۇھىمى يەنىلا چېگرا رايونلاردىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئۆز كۈچىگە تايىنىپ ئىش كۆرۈش، جاپا ـ مۇشەققەتكە چىداپ كۈرەش قىلىش روھىنى جارى قىلدۇرۇپ، ئۆزلىرىنىڭ ئەقىل ـ پاراسىتىگە ۋە ئىشچانلىقىغا تايىنىپ گۈزەل يۇرت ـ ماكان قۇرۇشقا تايىنىش كېرەك.

«كۆتۈپ تۇرۇش، تايىنىۋېلىش، تەلەپ قىلىپ ئېلىش» پۇرسەتنى كەتكۈزۈپ قويىدۇ، تەرەققىياتقا تەسىر كۆرسىتىدۇ، خالاس.

چېگرا رايونلاردىكى ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئۆز كۈچىگىلا تايانغان بىلەن تەرەققىياتنى چاپسانلىتىش قىيىن بولىدۇ، بۇنىڭ ئۈچۈن دۆلەتنىڭ يار ـ يۆلەك بولۇشىغا ۋە تەرەققىي تاپقان رايونلارنىڭ ياردىمىگە مۇھتاج بولىدۇ.

ئۆز كۈچىگە تايىنىپ ئىش كۆرۈش بىلەن دۆلەت ياردىمىنىڭ مۇناسىۋىتىنى تونۇش ۋە ئوبدان بىر تەرەپ قىلىشتا، مۇھىم بىر تەرەپ دۆلەتنىڭ سىياسىتىنى ۋە ياردىمىنى جايىدا ئوبدان ئىشلىتىشتىن ئىبارەت. خىزمەتلەرنى جايىدا قىلىش ئارقىلىق، چېگرا رايونلاردىكى ھەرقايسى جەمەتلەرنىڭ سۇبيېكتىپ پائالىيەتچانلىقىنى جارى قىلدۇرۇپ، ئىچكى كۈچىنى جۇش ئۇرغۇزۇپ، دۆلەتنىڭ سىياسىتىنى ھەقىقىي يوسۇندا رول ئوينايدىغان قىلىپ، دۆلەت ياردىمىنى ھەقىقىي ئۈنۈمگە ئېرىشتۈرۈش كېرەك.

**(8) بىر تۇتاش پىلانلاپ، تەڭ ئېتىبار بېرىپ، چېگرا رايونلارنى گۈللەندۈرۈپ، خەلقنى بېيىتىش**

چېگرا رايونلارنىڭ مىللەتلەر خىزمىتىدە ئىقتىسادىي قۇرۇلۇش، رايونلار تەرەققىياتى ۋە خەلقنىڭ بېيىشى مەسىلىسى مۇناسىۋىتىنى توغرا بىر تەرەپ قىلىش كېرەك. ئىقتىسادنى تەرەققىي قىلدۇرۇشتا باشتىن ـ ئاياق ئېغىشماي چىڭ تۇرۇش، شۇنىڭ بىلەن بىللە يەنە چېگرا رايونلارنى گۈللەندۈرۈپ، خەلقنى بېيىتىشنىمۇ ئەستىن چىقارماي، بەزى جايلار «چېگرا رايوننى گۈللەندۈرۈش قۇرۇلۇشى»نى يولغا قويغان. دۆلەت چېگرا رايونلاردىكى ھەر خىل قۇرۇلۇشلارنى ئېلىپ بېرىشتا قانداق قىلغاندا چېگرا رايونلارنىڭ تەرەققىياتىنىمۇ بىرلىكتە جانلاندۇرۇپ ھەر مىللەت ئاممىسىنىڭ نامراتلىقتىن قۇتۇلۇشىنى ئىلگىرى سۈرۈش، دۆلەت مەنپەئەتى، رايونلار مەنپەئەتى، چېگرا رايون خەلقىنىڭ مەنپەئەتىدىن ئىبارەت ئۈچ تەرەپ مەنپەئەتىنى بىر تۇتاش پىلانلاپ، تەڭ ئېتىبار بېرىشنى تىرىشىپ ئىشقا ئاشۇرۇشنى تولۇق ئويلىنىدۇ. ئەمما بېيىسا، چېگرا رايونلارنىڭ ھەر خىل خىزمەتلىرى كەڭ، پۇختا ئاممىۋى ئاساسقا ئىگە بولىدۇ.

3

يېڭى ۋەزىيەت، يېڭى ۋەزىيەت بىزدىن چېگرا رايونلارنىڭ مىللەتلەر خىزمىتىنى تېخىمۇ ئوبدان ئىشلەشنى تەلەپ قىلىدۇ. بۇنىڭدىن كېيىنكى بىر مەزگىلدە چېگرا رايونلارنىڭ مىللەتلەر خىزمىتىگە بولغان ئومۇمىي تەلەپ مۇنۇلار: دېڭ شياۋپىڭنىڭ جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش توغرىسىدىكى نەزەرىيىسى ۋە پارتىيىنىڭ ئاساسىي لۇشيەنىدە چىڭ تۇرۇپ، ئومۇمىلىقنى پۇختا ئىگىلەپ، ئىسلاھات، تەرەققىيات ۋە مۇقىملىقنىڭ مۇناسىۋىتىنى توغرا بىر تەرەپ قىلىپ، چېگرا رايونلارنىڭ ئەمەلىيىتىنى ئاساس قىلىپ تۇرۇپ، پارتىيىنىڭ مىللىي سىياسىتىنى ئومۇمىيۈزلۈك ئىزچىللاشتۇرۇپ، چېگرا جايلاردىكى ئاز سانلىق مىللەتلەر رايونلىرىنىڭ ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش ئىشلىرى ۋە ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشىنى پائال ئىلگىرى سۈرۈپ، ئۈستۈنلۈكنى جارى قىلدۇرۇپ، تەرەققىياتنى تېزلىتىش، سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىپ، ۋەتەنپەرۋەرلىك تۇغىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىدا چىڭ تۇرۇپ، ئارمىيە بىلەن ھۆكۈمەتنىڭ ۋە ئارمىيە بىلەن خەلقنىڭ ئىتتىپاقلىقىنى كۈچەيتىپ، مىللىي بۆلگۈنچىلىك ھەرىكەتلىرىنىڭ ئەستايىدىل ئالدىنى ئېلىش ۋە ئۇنىڭغا قەتئىي زەربە بېرىپ، گۈللەپ ـ ياشنىغان، مۇقىم بولغان چېگرا رايون قۇرۇپ چىقىش ئۈچۈن تىرىشىپ كۆرەش قىلىش؛ چېگرا رايونلارنى سىياسىي جەھەتتە تىنچ ـ ئىتتىپاق بولغان، ئىقتىسادىي جەھەتتە تەرەققىياتى تېزلەشكەن، مائارىپ ئىشلىرى گۈللەپ ـ ياشنىغان، مەدەنىيەت ئىشلىرى خىلمۇ خىل رەڭدار ھالەتكە كەلگەن، خەلق تۇرمۇشى ئۈزلۈكسىز ياخشىلانغان قىلىش؛ چېگرا رايونلىرىمىزنى ۋەتىنىمىزنىڭ ئىگىلىك ھوقۇقىنى ۋە بىرلىكىنى قوغداشتىكى مۇستەھكەم توساققا، دۆلىتىمىزنىڭ ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشى ۋە ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش ئىشلىرىنى ئالغا سىلجىتىدىغان مۇھىم جايغا، ئېلىمىزدىكى ھەر مىللەت خەلقنىڭ يېڭى قىياپىتى ۋە ئۇلۇغۋار تۈھپىسىنى نامايان قىلىدىغان غايەت زور كۆزنەك قىلىشتىن ئىبارەت.

كونكرېت خىزمەت جەھەتتە تۆۋەندىكى بىرقانچە تەرەپنى ئۇقتىلىق ھالدا چىڭ تۇتۇش كېرەك:

**(1) چېگرا رايونلاردىكى مىللەتلەر خىزمىتىنىڭ ئالاھىدىلىكىنى چوڭقۇر تەتقىق قىلىپ ۋە تونۇپ، تۈرلەرگە ئايرىپ يېتەكچىلىك قىلىش كېرەك**

پۈتۈن مەملىكەت مىللەتلەر خىزمىتىنىڭ مۇھىم تەركىبىي

قىسمى بولغان چېكرا رايونلار مىللەتلەر خىزمىتىدە پۈتۈن مەملىكەت مىللەتلەر خىزمىتىنىڭ ئومۇملۇقىمۇ بار، يەنە ئۆزگىچە ئالاھىدىلىكىمۇ بار. ئېلىمىزنىڭ چېكرا رايونلىرىنىڭ ئالاھىدىلىكىنى يىغىنچاقلىغاندا، تۆۋەندىكىدەك بەش جەھەتتە كۆرۈلىدۇ:

بىرىنچى، رايون ئورنى ئالاھىدىلىكى. چېكرا رايون دۆلەت چېگرىسىغا يېقىن جايلاشقان زېمىن بولۇپ، قوشنا دۆلەتلەر بىلەن بىۋاستە ئۇچرىشىدىغان ۋە باردى ـ كەلدى قىلىشىدىغان رايون ھېسابلىنىدۇ، شۇنداقلا دۆلەتنىڭ بىرلىكىنى قوغداش، دۆلەتنىڭ ئىگىلىك ھوقۇقى ۋە زېمىن پۈتۈنلۈكىنى قوغداشنىڭ ئالدىنقى قاراۋۇل بازىسى، دۈشمەن كۈچلىرىنىڭ خىلمۇ خىل شەكىلدىكى بۆلگۈنچىلىك قىلىش، سىڭىپ كىرىش، بۇزغۇنچىلىق ھەرىكەت ئېلىپ بېرىشلىرىغا قارشى تۇرۇشتىكى ئالدىنقى سەپ ئورنىدۇر.

ئىككىنچى، مىللەتلەر ئالاھىدىلىكى. چېكرا رايونلاردا مىللەتلەر كۆپ، ئىقتىسادىي ۋە مەدەنىيەت جەھەتتە ھەرقايسىسى ئۆز ئالدىغا خۇسۇسىيەتلەرگە ئىگە بولۇپ، كۆپىنچىسى دۆلەت سىرتىدىكى ئوخشاش بىر مىللەت بىلەن قوشنا بولۇپ ئولتۇراقلاشقان. مەملىكەت بويىچە چېكرا رايونلاردىكى ناھىيە (شەھەر، خوشۇن) لەرنىڭ % 79 تى مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلار بولۇپ، بىرمۇنچە چېكرا رايونلار ئاز سانلىق مىللەتلەر رايونلىرى بولۇپمۇ ھېسابلىنىدۇ، ئۇ جايلاردا چېكرا رايون خىزمىتى بىلەن مىللەتلەر خىزمىتى ئايرىغىلى بولمايدىغان دەرىجىدە زىچ بىرلىشىپ كەتكەن.

ئۈچىنچى، ئىقتىسادىي ئالاھىدىلىكى. دۆلىتىمىزنىڭ زېمىنى كەڭرى بولۇپ، چېكرا رايونلاردىكى ھەرقايسى مىللەت ئوخشاش بولمىغان ئىقتىسادىي تىپلارنى شەكىللەندۈرگەن. تارىخىي، جۇغراپىيىۋى ئامىللارنىڭ سەۋەبىدىن، چېكرا رايونلاردىكى ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتى يولىمۇ تەكشى بولماي قالغان.

تۆتىنچى، مەدەنىيەت ئالاھىدىلىكى. چېكرا رايونلار ۋەتىنىمىزنىڭ چەت ياقىسىغا جايلاشقان بولۇپ، ئالاھىدە مۇھىت ھەرقايسى مىللەتلەرنى رەڭگارەڭ، خىلمۇ خىل مەدەنىيەت ئالاھىدىلىكلىرىنى شەكىللەندۈرۈشكە مۇۋەپپەق قىلغان.

بەشىنچى، تەبىئىي ئالاھىدىلىكى. كەڭ چېكرا رايونلارنىڭ تەبىئىي مۇھىتى ئۆزگىچە.

**(2) ۋەتەنپەرۋەرلىك تۇغىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ، چېگرا رايونلارنىڭ مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى ۋە ئىجتىمائىي مۇقىملىقىنى قوغداش، ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى قوغداش كېرەك**

چېكرا رايونلارنىڭ مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى ۋە ئىجتىمائىي مۇقىملىقىنى قوغداش باشتىن ـ ئاخىر چېكرا رايونلار مىللەتلەر خىزمىتىنىڭ بىرىنچى ۋەزىپىسى ھېسابلىنىدۇ. چېكرا رايونلاردىكى ھەر مىللەت كادىرلىرى ۋە ئاممىسى ئارىسىدا ماركسىزملىق مىللەت قارىشى ۋە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى ھەققىدىكى تەربىيىنى كەڭ ۋە چوڭقۇر قانات يايدۇرۇش ئارقىلىق، ھەر مىللەت خەلقىنى ئۆزئارا باراۋەر مۇئامىلىدە بولۇپ، بىر ـ بىرىنى ھۆرمەتلىشىدىغان، بىر-بىرى بىلەن دوستانە بىللە ئۆتىدىغان، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى قەدىرلەيدىغان، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى قوغدايدىغان قىلىش كېرەك.

ئوخشاش بولمىغان ھەرقايسى مەزگىللەردە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى ـ تەرەققىياتى ئىشلىرىدا تالاي ـ تالاي ئىلغار تىپلار بارلىققا كەلگەنىدى. چېكرا رايونلاردىكى مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى ـ تەرەققىياتى ئىشلىرىدىكى ئىلغار تىپلارنىڭ ئىش ئىزلىرىنى زور كۈچ بىلەن تەشۋىق قىلىپ، ئۇلارنى كۆپچىلىك بىلىدىغان، كىشىلەرنىڭ ھۆرمىتىگە سازاۋەر بولىدىغان، كىشىلەر دورايدىغان ئۈلگىگە ئايلاندۇرۇپ، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى ـ تەرەققىياتى ئىشلىرى شامىلىنى مىڭلىغان ـ ئون مىڭلىغان ئائىلىلەرگە يەتكۈزۈپ، چېكرا رايونلاردا مىللەتلەر ئىتتىپاق بولۇشتەك ئىجتىمائىي كەيپىياتنى تىرىشىپ يارىتىش كېرەك.

پارتىيە 14 ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 6 ـ ئومۇمىي يىغىنى «قارارى»نىڭ تەلىپىگە ئاساسەن مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى ـ تەرەققىياتى ئىشلىرى بويىچە ئىلغار تىپلارنى يارىتىشتا شەكلى كۆپ خىل، جانلىق ـ تېتىك بولغان پائالىيەتلەرنى داۋاملىق قانات يايدۇرۇش كېرەك.

چېكرا رايونلاردىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ۋەتەنپەرۋەرلىك شەرەپلىك ئەنئەنىسى بار بولۇپ، ئۇلار چېكرا رايونلارنى قوغداش، چېكرا رايوننى گۈللەندۈرۈش، دۆلەتنىڭ ئىگىلىك ھوقۇقىنى ۋە زېمىن پۈتۈنلۈكىنى

قوغداش يولىدا ئۇلۇغ تۆھپىلەرنى قوشقان. ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ۋەتەنپەرۋەرلىك ئېسىل ئەنئەنىسىگە ئوبدان ۋارىسلىق قىلىپ ۋە ئۇنى جارى قىلدۇرۇپ، جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ ئۇيۇشقاقلىقىنى ۋە مەركەزگە ئىنتىلىشچانلىقىنى تېخىمۇ كۈچەيتىش كېرەك.

مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى ۋە ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى قوغداشتا مىللىي بۆلگۈنچىلىك ھەرىكەتلىرىگە قەتئىي قارشى تۇرۇش لازىم. چېگرا رايونلاردىكى بۆلگۈنچىلىككە قارشى تۇرۇش، سىڭىپ كىرىشكە قارشى تۇرۇش كۈرىشىنىڭ مۇرەككەپلىكىنى ۋە مۇشكۈللۈكىنى تولۇق تونۇپ يېتىش كېرەك. بىز سىگنالنى ئۆزۈپ قويماي چىڭ، تەدبىر قوللىنىپ، مۇۋاپىق يوسۇندا تاقابىل تۇرۇشىمىز لازىم. بۆلگۈنچى ئۇنسۇرلار مىللىي مۇناپىقلاردۇر، شۇنداقلا ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئورتاق دۈشمىنىدۇر. بۆلگۈنچىلىككە قارشى تۇرۇش كۈرىشى جەريانىدا ئەڭ كەڭ ھەر مىللەت خەلق ئاممىسىغا قەتئىي ئىشىنىش ۋە تايىنىش كېرەك.

**(3) ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشتىن ئىبارەت مۇشۇ مەركەزنى يېقىندىن چۆرىدىگەن ھالدا ئىش ئېلىپ بېرىپ، چېگرا رايونلارنىڭ ئىسلاھاتنى يەنىمۇ چوڭقۇرلاشتۇرۇشى ۋە ئېشىكنى ئېچىۋېتىشنى كېڭەيتىشى ئۈچۈن كۆپرەك پۇختا خىزمەت قىلىش كېرەك**

چېگرا رايونلارنىڭ ئىقتىسادى خېلى تېز تەرەققىي قىلدى، خەلقنىڭ تۇرمۇشى كۆرۈنەرلىك دەرىجىدە ئۆستى، لېكىن شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا شۇنىمۇ كۆرۈش كېرەككى، چېگرا رايونلار بىلەن تەرەققىي قىلغان رايونلارنىڭ پەرقى خېلىلا چوڭ بولۇپ كەتمەكتە. پەرق مەسىلىسى ئۇزاق مۇددەتكىچە ھەل قىلىنماي كېتىۋەرسە، مۇئەييەن شارائىتتا مۇقىملىققا تەسىر كۆرسىتىدىغان ئامىل بولۇپ قالىدۇ. چېگرا رايونلارنىڭ ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشنى يۈكسەلدۈرۈپ، خەلق ئاممىسىنىڭ تۇرمۇشىنى ئۈزلۈكسىز ياخشىلىغاندىلا، ئاندىن چېگرا رايونلارنىڭ ئۇزاققىچە مۇقىم بولۇشىنى تېخىمۇ ئوبدان ساقلىغىلى بولىدۇ.

**(4) نامرات رايونلارنى تەرەققىي قىلدۇرۇش، نامراتلارغا يار- يۆلەك بولۇش خىزمىتىگە پائال قاتنىشىپ، چېگرا رايونلاردىكى نامرات ئاھالىلەرنىڭ قورسىقى توق، كىيىمى پۈتۈن بولۇش مەسىلىسىنى ھەقىقىي يوسۇندا ھەل قىلىش كېرەك**

چېگرا رايونلار نامرات ئاھالىلەر مەركەزلەشكەنرەك رايونلار بولۇپ، نامراتلارغا يار ـ يۆلەك بولۇش خىزمىتى نۇقتىلىق بولغان رايونلارنىڭ بىرى ھېسابلىنىدۇ. چېگرا رايونلاردىكى مىللەتلەر خىزمىتى ئىشلەيدىغان تارماقلار نامرات رايونلارنى تەرەققىي قىلدۇرۇش، نامراتلارغا يار ـ يۆلەك بولۇش خىزمىتىنى چوقۇم ئۆزلىرىنىڭ مۇھىم ۋە جىددىي خىزمىتى دەپ بىلىپ، مۇناسىۋەتلىك تارماقلار بىلەن بىرلىكتە چېگرا رايونلارنىڭ نامراتلارغا يار ـ يۆلەك بولۇش بويىچە ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىش جېڭى ئېلىپ بېرىش كېرەك.

چېگرا رايونلارنىڭ نامرات رايونلارنى تەرەققىي قىلدۇرۇش، نامراتلارغا يار ـ يۆلەكتە بولۇش خىزمىتى مەركەز بېكىتكەن تۈپ فاڭجېن ۋە تەلەپ بويىچە پۇختا، چىڭ ۋە ئوبدان تۇتۇلۇشى كېرەك.

ئاھالىسى ئازراق بولغان ئاز سانلىق مىللەتلەر ئاممىسىنى نامراتلىقتىن قۇتقۇزۇش خىزمىتىنى ئىشلەشكە ئىنتايىن ئەھمىيەت بېرىش كېرەك. چېگرا رايونلاردىكى ئۇ ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ نامراتلىقتىن قۇتۇلۇشى ناھايىتى زور ئەھمىيەتكە ئىگە.

**(5) پارتىيىنىڭ مىللىي سىياسىتىنى ئومۇميۈزلۈك ئىزچىللاشتۇرۇپ، تۈرلۈك سىياسەتلەرنىڭ ئىزچىللىقىنى ئىرىشىپ ساقلاپ، يېڭى ۋەزىيەتتە مىللىي سىياسەتنىڭ مۇكەممەللىشىشىنى ئىلگىرى سۈرۈش كېرەك**

چېگرا رايونلارنىڭ مىللەتلەر خىزمىتىنى ئوبدان ئىشلەشتە پارتىيىنىڭ مىللىي سىياسىتىنى ئومۇميۈزلۈك ئىزچىللاشتۇرۇش كېرەك. شۇنىڭ ئۈچۈن، مىللەتلەر خىزمىتى تارماقلىرى سىياسەت كۆز قارىشىنى مۇستەھكەم تۇرغۇزۇپ، مىللىي سىياسەتنىڭ ئىزچىللاشتۇرۇلۇشى ۋە ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى ئەستايىدىل ئىلگىرى سۈرۈش كېرەك.

دۆلەت چېگرا رايونلارنىڭ ئالاھىدە ئەھۋالىنى كۆزدە ـ تۇتۇپ، چېگرا رايونلارنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈش ئۈچۈن رايون خاراكتېرلىك بەزى ئالاھىدە سىياسەتلەرنى تۈزۈپ چىقتى، ئۇ دۆلەت سىياسىتىنىڭ ئورگانىك تەركىبىي قىسمى بولۇپ، چېگرا رايونلارنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈشتە سەل قاراشقا بولمايدىغان رول ئوينايدۇ. چېگرا رايونلارنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىغا ئۇيغۇن كېلىدىغان، چېگرا رايونلارنىڭ تەرەققىياتىغا پايدىلىق بولغان مۇناسىۋەتلىك سىياسەتلەرنى داۋاملىق ئىزچىللاشتۇرۇش ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈش كېرەك. مىللەتلەر خىزمىتى تارماقلىرى ئەستايىدىل ھالدا تەكشۈرۈشى، تەتقىق قىلىشى ۋە دەلىللەش

ئېلىپ بېرىشى، ئاندىن شۇ ئاساستا مۇناسىپ خىزمەتلەرنى ئىشلىشى كېرەك. چېگرا رايونلارنىڭ تۇرلۇك سىياسەتلىرى ھەم ئىزچىللىقىنى ۋە نىسپىي ھالدىكى مۇقىملىقىنى ساقلىشى، ھەم تەرەققىياتچانلىقىنى، ماسلىشىشچانلىقىنى كەۋدىلەندۇرۇشى كېرەك. ھازىرقى پەيتتە، چېگرا رايونلاردىكى مىللەتلەر خىزمىتى تارماقلىرى مىللىي سىياسەتنى قانداق قىلىپ تېخىمۇ ياخشى ئىزچىللاشتۇرۇش، مۇكەممەللەشتۇرۇش جەھەتتە كۆپرەك خىزمەت ئىشلەش كېرەك.

قوشنا دۆلەتلەرنىڭ چېگرا رايون سىياسىتىنى تەتقىق قىلىشقا ئەھمىيەت بېرىش كېرەك. ھەرقايسى قوشنا دۆلەتلەر باشقا رايونلىرىدىن پەرقلىق بولغان بەزى چېگرا رايون سىياسىتىنى تۈزۈپ چىقىدۇ. قوشنا دۆلەتلەرنىڭ چېگرا رايون سىياسىتىنى تەتقىق قىلىش ئارقىلىق، دۆلىتىمىزنىڭ چېگرا رايون سىياسىتىنى يەنىمۇ مۇكەممەللەشتۇرۇش ئۈچۈن خىزمەت قىلىش كېرەك.

**(6) ئۈچ قوشۇننى يېتىشتۈرۈپ ۋە زورايتىپ، چېگرا رايونلارنىڭ ئىجتىمائىي تەرەققىيات جەھەتتىكى ھاياتىي كۈچىنى ئاشۇرۇش كېرەك**

چېگرا رايونلارنىڭ تەرەققىيات قەدىمىنى تېزلىتىشتە چېگرا رايونلارنىڭ ئۆزىنى ئۆزى تەرەققىي قىلدۇرۇش جەھەتتىكى ھاياتىي كۈچىنى ئاشۇرۇش كېرەك. ئاز سانلىق مىللەتلەر كادىرلىرى قوشۇنى، پەن - تېخنىكا قوشۇنى ۋە سانائەت ئىشچىلىرى قوشۇنىنى يېتىشتۈرۈش ۋە زورايتىش چېگرا رايونلارنىڭ ئۆزىنى ئۆزى تەرەققىي قىلدۇرۇش جەھەتتىكى ھاياتىي كۈچىنى ئاشۇرۇشنىڭ ئاساسىي ھالقىسى ھېسابلىنىدۇ. ئىچكىرى ئۆلكىلەردىكى كادىرلار ۋە پەن - تېخنىكا خادىملىرىنىڭ چېگرا رايونلارغا بېرىپ ئىگىلىك تىكلەپ تۆھپە يارىتىشىغا داۋاملىق ئىلھام بېرىش كېرەك.

**(7) چېگرا رايونلارنىڭ مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنى ئومۇميۈزلۈك ئىلگىرى سۈرۈپ، تۈرلۈك ئىجتىمائىي ئىشلىرىنى زور كۈچ بىلەن راۋاجلاندۇرۇش كېرەك**

چېگرا رايونلارنىڭ مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىدا پارتىيە 14 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 6 - ئومۇمىي يىغىنىنىڭ روھىنى ئەستايىدىل ئىزچىللاشتۇرۇپ ۋە ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، ماركسىزم - لېنىنىزم، ماۋزېدوڭ ئىدىيىسى ۋە دېڭ شياۋپىڭنىڭ جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش نەزەرىيىسىنى يېتەكچى قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، مائارىپ ۋە پەن - مەدەنىيەت ئىشلىرىنى زور كۈچ بىلەن راۋاجلاندۇرۇپ، ئىدىيە، ئەخلاق قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىپ، ھەر مىللەت ئاممىسىنىڭ ئىدىيە - مەدەنىيەت ساپاسىنى ئۆستۈرۈپ، ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ ئىتتىپاقلىق-تەرەققىيات ئىشلىرىنى ئىلگىرى سۈرۈش كېرەك.

**(8) چېگرا رايونلاردىكى مىللەتلەر خىزمىتى تارماقلىرىنىڭ ئۆز قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىپ، چېگرا رايونلارنىڭ مىللەتلەر خىزمىتىدە يېڭى ۋەزىيەت يارىتىش كېرەك**

مىللەتلەر خىزمىتى تارماقلىرىنىڭ ئۆزىنىڭ قۇرۇلۇشىنى ئوبدان ئېلىپ بېرىش چېگرا رايونلارنىڭ مىللەتلەر خىزمىتىنى ئوبدان ئىشلەشتە ناھايىتى مۇھىم. مىللەتلەر خىزمىتى تارماقلىرىنىڭ كادىرلار قوشۇنى قۇرۇلۇشىنى يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا كۈچەيتىپ، كادىرلار قوشۇنىنىڭ ساپاسىنى ئۈزلۈكسىز ھالدا ئۆستۈرۈش كېرەك. دېڭ شياۋپىڭنىڭ جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش نەزەرىيىسىنى ئەستايىدىل ئۆگىنىپ ۋە ئەمەلدە كۆرسىتىپ، ئۆگىنىشنى، سىياسىينى ۋە توغرا كەيپىياتنى تەكىتلەپ، ئومۇملۇق ئېڭى ۋە مەسئۇلىيەت ئېڭىنى كۈچەيتىپ، توغرا دۇنيا قاراش ۋە كىشىلىك تۇرمۇش قارىشىنى تىكلەپ، جان - دىل بىلەن خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلىشى كېرەك. خىزمەت ئىستىلىنى تىرىشىپ ئۆزگەرتىپ، ئاممىا بىلەن قويۇق مۇناسىۋەت باغلاپ، پاكلىق قۇرۇلۇشىنى ئوبدان يولغا قويۇش كېرەك. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، خىزمەت ۋاستىسىنى كۈچلەندۈرۈپ، خىزمەت شارائىتىنى ياخشىلاش كېرەك.

تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش ھەر دەرىجىلىك مىللەتلەر خىزمىتى تارماقلىرىنىڭ ئاساسىي خىزمىتى بولۇپ، تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش خىزمىتىنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، مىللەتلەر خىزمىتىگە ئائىت تەدبىرلەرنىڭ ئىلمىيلىقىنى ئۆستۈرۈش كېرەك. بولۇپمۇ زور رېئال مەسىلىلەرنى تەكشۈرۈپ، تەتقىق قىلىشقا ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىپ، مۇناسىپ تەدبىرلەرنى ئوتتۇرىغا قويۇش كېرەك.

مىللەتلەر خىزمىتى تارماقلىرى مۇلازىمەت ئېڭىنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، مۇلازىمەت سەۋىيىسىنى ئۈزلۈكسىز ئۆستۈرۈپ، ھەر مىللەت ئاممىسى ئۈچۈن تىرىشىپ ئەمەلىي ئىش قىلىپ بېرىش كېرەك. تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش، ماسلاشتۇرۇش قاتارلىق يوللار ئارقىلىق ھەر مىللەت ئاممىسىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ۋە تۇرمۇش ئىشلىرى ئۈچۈن مۇلازىمەت قىلىش كېرەك. مۇناسىۋەتلىك بولغان تارماقلار مۇلازىمەت قىلىش ئېڭىنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، ئەھۋالنى ۋاقتىدا ئىنكاس

قىلىپ، مىللەتلەر خىزمىتىنى كۈچەيتىش مەقسىدە تەكلىپ ۋە تەدبىرلەرنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، مىللەتلەر خىزمىتىنى بىرلىكتە ئالغا سىلجىتىش كېرەك.

ھەر دەرىجىلىك پارتكوملار ۋە ھۆكۈمەتلەرنىڭ چېگرا رايونلارنىڭ مىللەتلەر خىزمىتىگە بولغان رەھبەرلىكىنى تىرىشىپ قولغا كەلتۈرۈش كېرەك. ئۆز رايونىنىڭ مىللەتلەر خىزمىتىنىڭ ئەھۋالىنى پائال تۈردە ئىنكاس قىلىپ، پارتكوملار ۋە ھۆكۈمەتلەرنىڭ خىزمەت ئورۇنلاشتۇرۇشىغا ئاساسەن خىزمەتلەرنى قانات يايدۇرۇپ مەسلىھەتچىلىك ۋە ياردەمچىلىك رولىنى ئوبدان جارى قىلدۇرۇش كېرەك.

4

دۆلەتلىك مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتىنىڭ 1997 - يىللىق ئومۇمىي خىزمەتكە قويىدىغان تەلەپلىرى مۇنۇلار: دېڭ شياۋپىڭنىڭ جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش نەزەرىيىسى ۋە پارتىيىنىڭ ئاساسىي لۇشيەنىدە چىڭ تۇرۇپ، پارتىيە 14 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 5 - ۋە 6 - ئومۇمىي يىغىنلىرىنىڭ روھىنى چوڭقۇر ئىزچىللاشتۇرۇپ، شياڭگاڭنىڭ ۋەتىنىمىز قوينىغا قايتىپ كېلىشىنى كۈتۈۋېلىپ، پارتىيە 15 - قۇرۇلتىيىنى قارشى ئېلىشنى چۆرىدىگەن ھالدا تۈرلۈك خىزمەتلەرنى پائال ئىشلەش. ئىسلاھات، تەرەققىيات ۋە مۇقىملىقنىڭ مۇناسىۋىتىنى بىر پۈتۈنلۈك تۇرغۇسىدىن تونۇپ ۋە ئوبدان بىر تەرەپ قىلىپ، ئومۇملۇقنى پۇختا ئىگىلەپ، غەيرەت ئۈستىگە غەيرەت قوشۇپ، بىر نىيەت - بىر مەقسەتتە يول ئېچىپ ئىلگىرىلەش، ۋەتەنپەرۋەرلىك ۋە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى - تەرەققىياتى تۇغىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ، جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ ئۇيۇشقاقلىقىنى ئاشۇرۇپ، مىللىي بۆلگۈنچىلىككە قارشى تۇرۇپ، ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى قوغداپ، پارتىيىنىڭ مىللىي سىياسىتىنى قوللاپ ۋە ئىزچىللاشتۇرۇپ، مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە تۈزۈمىدە چىڭ تۇرۇپ ۋە ئۇنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى تۈزۈلمىسىنى بەرپا قىلىش جەريانىدا ئاز سانلىق مىللەتلەر ۋە ئاز سانلىق مىللەتلەر رايونلىرىنىڭ ئىقتىسادىي ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىياتىنى تېزلىتىشنىڭ يولى ئۈستىدە تىرىشىپ ئىزدىنىش. چوڭ ئىشلارنى تۇتۇپ، ئەمەلىي ئىشلارنى قىلىپ، تىپلارنى تۇرغۇزۇپ، تۈرلەرگە ئايرىپ يېتەكچىلىك قىلىپ، يېڭى ۋەزىيەت يارىتىش.

بۇ يىل نۇقتىلىق ھالدا ئوبدان ئىشلەشكە تېگىشلىك بولغان خىزمەتلەر مۇنۇلار:

(1) پارتىيە 14 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 6 - ئومۇمىي يىغىنىنىڭ روھىنى ئەستايىدىل ئىزچىللاشتۇرۇپ، ۋەتەنپەرۋەرلىك ۋە ماركسىزملىق مىللەت قارىشى تەشۋىقات تەربىيىسىنى زور كۈچ بىلەن قانات يايدۇرۇش.

(2) ئاز سانلىق مىللەتلەر رايونلىرىنىڭ ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي تەرەققىيات ئىشلىرى جەريانىدا ئوتتۇرىغا چىققان يېڭى ئەھۋال، يېڭى مەسىلىلەر ئۈستىدە تەكشۈرۈش - تەتقىق قىلىش ئېلىپ بېرىپ ئوخشاش بولمىغان ئەھۋاللارنى كۆزدە تۇتۇپ تۈرگە ئايرىپ يېتەكچىلىك قىلىش. مەملىكەتلىك چېگرا رايونلار، نامرات رايونلار، چارۋىچىلىق رايونلىرى مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتلىرى خىزمەت يىغىنىنى ئوبدان ئېچىپ، ئۇ رايونلارنىڭ مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتلىرى خىزمىتىنىڭ قانۇنىيىتى ئۈستىدە ئىزدىنىپ، ئۇ رايونلارنى مىللەتلەر خىزمىتىدە تېخىمۇ ياخشى ئۈنۈم ھاسىل قىلدۇرۇش.

(3) پارتىيىمىزنىڭ مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە تۈزۈمىنى يۈرگۈزگەنلىكىنىڭ 50 يىللىقىنى خاتىرىلەش سۆھبەت يىغىنى چاقىرىش، ئىچكى موڭغۇل ئاپتونوم رايونى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 50 يىللىقىنى خاتىرىلەش پائالىيىتىگە قاتنىشىش ئۈچۈن بارىدىغان مەركەز ۋەكىللەر ئۆمىكىنى تەشكىللەشكە قاتنىشىش.

(4) مىللەتلەرگە ئائىت قانۇن قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىپ، سوتسىيالىستىك مىللەتلەر مۇناسىۋىتىنى مۇستەھكەملەش ۋە راۋاجلاندۇرۇش. «دۆلەتلىك مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتىنىڭ قانۇنچىلىق - تەشۋىقات تەربىيىسى بويىچە «3 - بەش يىللىق پىلانى»نى يولغا قويۇپ، قانۇننى ئومۇملاشتۇرۇش خىزمىتىنى ئەستايىدىل قانات يايدۇرۇش. دۆلەتلىك مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتىنىڭ 2 - قېتىملىق مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى - تەرەققىياتى ئىشلىرى بويىچە تەقدىرلەش پائالىيىتىنى ئوبدان ئېلىپ بېرىپ، 1000 ئەتراپىدىكى ئىلغار كوللېكتىپ ۋە ئىلغار شەخسلەرنى تەقدىرلەش.

(5) مىللەتلەر مائارىپىنى راۋاجلاندۇرۇپ، يۇقىرى ساپالىق ئاز سانلىق مىللەتلەر كادىرلىرى قوشۇنى ۋە ھەر خىل ئىختىساسلىق خادىملارنى پائال يېتىشتۈرۈش.

*(مەزكۇر ماقالە يولداش ئىسمائىل ئەھمەدنىڭ بۇ يىل 4 - ئاينىڭ 2 - كۈنى مەملىكەتلىك چېگرا رايونلار مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتلىرى خىزمەت يىغىنىدا سۆزلىگەن سۆزى بولۇپ، ژۇرنالغا بېرىشتە قىسمەن قىسقارتىلدى)*

# ئەبەدىلئەبەد ئەجدىھانىڭ ۋارىسلىرى

## — 56 مىللەتنىڭ شياڭگاڭنىڭ ۋەتىنىمىز قوينىغا قايتىپ كېلىشىنى كۈتۈۋالغانلىقى توغرىسىدا

● ياڭ شېڭلۇڭ ●

شياڭگاڭ خەلقئارا پۇل مۇئامىلىسى مەركىزى، خەلقئارا سودا مەركىزى، ئاۋىئاتسىيە ترانسپورت مەركىزى ۋە ئۇچۇر مەركىزى بولۇپ، سائەت، تەييار كىيىم - كېچەك ۋە ئويۇنچۇق قاتارلىق كۆپ خىل مەھسۇلاتلارنىڭ ئېكسپورت قىلىنىش مىقدارى جەھەتتە دۇنيا بويىچە 1-ئورۇندا تۇرىدۇ. يېقىندا نەشىردىن چىققان «دۇنيا رىقابەت ئىقتىدارى توغرىسىدا يىللىق مەلۇمات» دېگەن كىتابتا ھەممىدىن بەك رىقابەت ئىقتىدارىغا ئىگە بولغان دۆلەت ۋە رايونلار مىسالغا ئېلىنغاندا شياڭگاڭ ئۈچىنچى ئورۇنغا تىزىلغان. شياڭگاڭ ئىقتىسادىي تەرەققىيات سۈرئىتى جەھەتتە تېز، ئىقتىسادىي ئەمەلىي كۈچى جەھەتتە پۇختا بولۇپ، زامانىمىزدىكى دۇنيا بويىچە ئەڭ بەك ئېچىۋېتىلگەن ئەركىن پورت، مال سېتىۋېلىش جەننىتى ھېسابلىنىدۇ، ئۇنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتى، باياشاتلىق دەرىجىسى پۈتۈن دۇنيا ئەھلىنىڭ دىققەت-ئېتىبارىنى تارتماقتا. مەدەنىيەت جەھەتتە، شياڭگاڭ جۇڭگو مەدەنىيىتى بىلەن غەرب مەدەنىيىتىنىڭ قوشۇلۇش نۇقتىسىدا تۇرغان بولۇپ، زامانىۋىلىششقا يۈرۈش قىلىش مۇساپىسىدە ئۇ جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ ئەنئەنىۋى مەدەنىيىتىنى قەتئىي داۋاملاشتۇرۇپ، جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ قەدىمكى تۆت يىلتىزىغا مۇستەھكەم باغلانغان ۋە ئۆزىنىڭ ئىقتىساد، مەدەنىيەتتە جەھەتتىكى سەلتەنىتى ۋە ئالاھىدىلىكى بىلەن دۇنيادا قەد كۆتۈرۈپ تۇرماقتا.

**خەنزۇ تىلى شياڭگاڭلىقلارنىڭ ئانا تىلى تۇرسا، ئەۋلادتىن ئەۋلادقا ئىشلىتىپ كېلىۋاتقان گۇاڭدۇڭ تىلىنى قانداقسىگە ئۇنتۇپ قالسۇن!**

تىل بىر مىللەتنىڭ ئەڭ ئاساسلىق ئالاھىدىلىكى، شۇنداقلا مىللىي مەدەنىيەتنىڭ تۈپ ئاساسىي خاراكتېرى ھېسابلىنىدۇ. چىن شىخۇاڭ جۇڭگونى بىرلىككە كەلتۈرۈپ، يېزىقنى، هارۋا يوللىرىنى بىرلىككە كەلتۈرۈشنى يولغا قويغاندىن كېيىن، خەنزۇ تىل - يېزىقى جۇڭگو زېمىنىنىڭ ئومۇميۈزلۈك قوللىنىدىغان تىل-يېزىقى بولۇپ قالغاندى. جۇڭگو زېمىنىنىڭ دائىرىسى كەڭ، خەنزۇ تىل-يېزىقىنىڭ بىر قانچە چوڭ يەرلىك دىئالېكتى بولغاچقا، ھەرقايسى دىئالېكتلارنىڭ تەلەپپۇز قىلىنىشمۇ ناھايىتى چوڭ پەرقلىنىدۇ: يېزىقنى ئورتاق قوللىنىش جەھەتتە بۆگۈنكى دەۋردە قىسقارتىلمىغان ۋە ئاددىيلاشتۇرۇلغان دېگەندىن ئىبارەتلا پەرقى بار. شياڭگاڭ رايونىدا خەنزۇ تىلىنىڭ گۇاڭدۇڭ دىئالېكتى قوللىنىلىدۇ، خەنزۇچە قىسقارتىلمىغان يېزىق ئىشلىتىلىدۇ، ئەنگلىيىنىڭ مۇستەملىكە ھۆكۈمرانلىقى ئاستىدا ئىنگلىز تىلى ھۆكۈمەت تىلى بولۇپ، قانۇن - ماددىلىرى، خەت-ئالاقە يېزىقلىرى، كۈندىلىك تۇرمۇشتىكى ئىشلاردا پۈتۈنلەي ئىنگلىز تىلى ئاساسىي ئورۇندا تۇرىدۇ. شۇنداق بولۇشىغا قارىماي، شياڭگاڭ ئاھالىلىرىنىڭ %90 تى يەنىلا خەنزۇ تىلىنىڭ گۇاڭدۇڭ دىئالېكتىنى قوللىنىدۇ.

100 يىلدىن كۆپرەك ۋاقىت مابەينىدە ئەنگلىيە ھۆكۈمرانلىرى شياڭگاڭدا مۇستەملىكە مەدەنىيىتى ۋە مۇستەملىكە مائارىپىنى يولغا قويۇپ، ئەپيۇن ئۇرۇشىنى «سودا ئۇرۇشى» دەپ، «جۇڭگو شياڭگاڭغا ئەڭ يېقىن قوشنا بولغان ئەڭ چوڭ دۆلەت» دەپ چۈشەندۈرۈپ، شياڭگاڭلىقلارنىڭ مىللىي ئېڭىنى، ۋەتەن كۆز قارىشىنى سۇسلاشتۇرۇپ كەلدى. گەرچە شياڭگاڭ - ئەنگلىيە



ھۆكۈمىتى ئىنگلىز تىلىنى ھەدەپ كۈچەپ يولغا قويۇپ كەلسىمۇ، ۋەھالەنكى، خەنزۇ تىلى مىڭ قىلغان بىلەن شىياڭگاڭلىقلارنىڭ ئانا تىلى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ، ئەۋلادتىن ئەۋلادقا قوللىنىپ كېلىۋاتقان گۇاڭدۇڭ تىلىنى قانداقسىگە ئۇنتۇپ قالسۇن! ئۇلار دۇنيانىڭ قايسى بىر بۇلۇڭ - پۇچقاقلىرىغا بارسىمۇ ئۆز ئانا تىلىنىڭ يېقىملىقلىقى ۋە مول ئىپادىلەش ئىقتىدارى ھەققىدە زوق بىلەن سۆزلەيدۇ، ئۆزى ياشاۋاتقان جۇڭگو زېمىنىدا تېخىمۇ شۇنداق- دە! ئادەتتىكى ئەھۋالدا، ئائىلىدە خەنزۇچە سۆزلىشىدۇ، مەكتەپتە ئىنگلىزچە ئۆگىنىدۇ، ئائىلىسىگە قايتىپ كېلىپ يەنە خەنزۇچە سۆزلىشىدۇ. شىياڭگاڭلىقلارنىڭ تولىلىرى خەنزۇچە سۆزلىشىش بىلەن بىر ۋاقىتتا قوشۇمچە ھالدا ئىنگلىزچىنىمۇ سۇدەك بىلىدۇ، بۇ ھال ئۇلارنى دۇنيادىكى ئىقتىسادىي، مەدەنىيەت ئالاقىلىرىدا بىر خىل قورالغا كۆپ ئىگە قىلغان.

مەملىكەت بويىچە ئورتاق قوللىنىلىپ كېلىۋاتقان خەنزۇ تىلى پۇتۇڭخۇاسى بىلەن گۇاڭدۇڭ تىلى دىئالېكتىنىڭ تەلەپپۇز قىلىنىش جەھەتتىكى پەرقى ناھايىتى زور. شىياڭگاڭلىقلارنىڭ تولىسى ئۇزۇن ۋاقىتلارغىچە گۇاڭدۇڭ دىئالېكتىنى قوللىنىپ كەلگەن، خەنزۇ تىلى پۇتۇڭخۇاسىنى ئۇقمايتتى. 80 - يىللارنىڭ باشلىرىدىن ئىلگىرى چوڭ قۇرۇقلۇقتا ياشاۋاتقانلاردىن بىرەرسى شىياڭگاڭغا بېرىپ قالسا تىل جەھەتتە بىرمۇنچە ئوڭۇشسىزلىققا ئۇچرىغان. ۋەتىنىمىز ئىچكىرى ئۆلكىلىرىنىڭ ئىشىكنى سىرتقا ئېچىۋېتىشى، بولۇپمۇ جۇڭگو - ئەنگلىيە ھۆكۈمەتلىرىنىڭ شىياڭگاڭ مەسىلىسى توغرىسىدىكى بىرلەشمە ئاخباراتى ئىمزالانغاندىن كېيىن، شىياڭگاڭنىڭ ئىچكىرى ئۆلكىلەر بىلەن بولغان ئىقتىسادىي، مەدەنىيەت ئالاقىلىرى كۆپىيىش بىلەن شىياڭگاڭلىقلاردىن خەنزۇ تىلى پۇتۇڭخۇاسىنى بىلىدىغانلار بارغانسېرى كۆپەيگەن. سودا ساھەسىدىكىلەر باشلامچى بولغان، بەزى شىركەتلەر سودا دۇكانلىرى خادىملىرىنىڭ خەنزۇ تىلى پۇتۇڭخۇاسىنى بىلىشى لازىملىقىنى بەلگىلىگەن. ھازىر چوڭ قۇرۇقلۇقتىن شىياڭگاڭ بىلەن ئىقتىسادىي، مەدەنىيەت ئالاقىلىرىدا بولغانلارنىڭ خەنزۇ تىلى پۇتۇڭخۇاسىنى ئىشلىتىشىمۇ خېلى ئوڭۇشلۇق بولغان. ھۆكۈمەت تارماقلىرىمۇ پۇتۇڭخۇادا سۆزلىشىشنى ئومۇملاشتۇرۇشقا ئەھمىيەت بېرىدىغان بولغان. شىياڭگاڭدا 1997 - يىلى شىياڭگاڭ ۋەتەن قوينىغا قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، خەنزۇ تىلى پۇتۇڭخۇاسى ۋە ئاددىيلاشتۇرۇلغان خەنزۇچە خەت تەسىرىنى ۋە ئىشلىتىلىش دائىرىسىنى كېڭەيتكۈسى.

## جۇڭگولۇق قەلبى، ئەجدىھا ھېسسىياتى

شىياڭگاڭنىڭ زېمىنى ئەجدىھا يېرى، شىياڭگاڭنىڭ ئادەملىرى ئەجدىھانىڭ ۋارىسلىرى بولۇپ، ئۇلارنىڭ قان تومۇرلىرىدا ئەجدىھانىڭ قېنى ئۆركەشلەيدۇ، سۆڭەكلىرىدە بولسا ئەجدىھا روھى ئەبەدىلئەبەد جۇشقۇنلايدۇ.

چوڭ بايرام - مەرىكە پائالىيەتلىرى بولغان چاغلاردا، شىياڭگاڭلىقلار ئادەت بويىچە ئەجدىھا ئۇسسۇلى ئوينىشىدۇ. ھەر خىل شەكىلدىكى ئەجدىھالار مىللەتنىڭ سەلتەنىتىنى نامايان قىلىپ، جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ جۇشقۇن ھاياتىنى جەۋلان ئېتىدۇ. ئەجدىھا جۇڭخۇا مىللەتلىرى ئەجدادلىرىنىڭ توتېمى، ئەجدىھا جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ سىمۋولىدۇر. ئەجدىھانىڭ ۋارىسلىرى قانداقسىگە ئەجدىھانى ئويناتماي تۇرالىسۇن! قانداقسىگە چاڭجياڭ، خۇاڭخې، ئەجدىھا ناخشىسى ۋە جۇڭگولۇق قەلبىنى بار ئاۋازى بىلەن كۈيلىمەي تۇرالىسۇن!

تاڭزۇڭزا چاغىنىدا كوچا - كوچىلارغا تۈرلۈك - تۈرلۈك تەمدىكى تاڭزۇڭزىلار قويۇلىدۇ. ئۇلۇغ ۋەتەنپەرۋەر شائىر چۈيۈەننى خاتىرىلەش يۈزىسىدىن، شىياڭگاڭدا ھەر يىلى ئەجدىھا قولۋاق مۇسابىقىسى داغدۇغىلىق ھالدا ئېلىپ بېرىلىدۇ، ئەجدىھا قولۋاق مۇسابىقىسى كوللېكتىپنىڭ ئىتتىپاقلىق، ھەمكارلىقىنى تەلەپ قىلىدۇ، قەدەمنىڭ بىردەك بولۇشىغا، بىر نىيەتتە تەڭ كۈچ چىقىرىپ ھەمكارلىشىشىغا بەك ئەھمىيەت بېرىدۇ. ئەجدىھا قولۋاق ئەڭ ئىپادىلەش كۈچىگە ئىگە بولۇپ، جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ ئىتتىپاقلىق، ئۇيۇشقاقلىق ۋە ھېچنېمىدىن قورقمايدىغان باتۇرلۇق خىسلەتلىرىنى ھەممىدىن بەك ئىپادىلىيەلەيدۇ.

شىياڭگاڭلىقلار روژدېستۋو بايرىمى، پاسخا بايرىمى ئۆتكۈزسىمۇ، لېكىن جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ چاغان بايرىمىنىڭ كىشىلەرنىڭ قەلبىدىكى ئورنىغا قانداق بايرام يېتەلىسۇن! جەم بولۇپ، بىرلىكتە غىزالىنىش ۋە پەتىلەش قاتارلىق قىزغىن كەيپىياتلار، قويۇق ھېسسىياتلار ھەر بىر جۇڭگولۇقنىڭ قەلب دىۋارلىرىدا چوڭقۇر ئورنىغان بولىدۇ. پۇقرالار يەنىلا جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ چاغىنى شۇنىڭدەك يۈەنشياۋ بايرىمى، چوكانتال بايرىمى، تاڭزۇڭزا بايرىمى، تاۋۇز چاغىنى، ئېگىزگە چىقىش بايرىمى قاتارلىق ئەنئەنىۋى

بايراملارغا ھەممىدىن بەك ئېتىبار قىلىدۇ.

سىرتتىن كەلگەن مەدەنىيەتنىڭ تەسىرىگە ئۇچراش سەۋەبىدىن بەزىلەر توي مۇراسىمى ئۆتكۈزۈشتە چېركاۋلارغا كىرىپ توي مۇراسىمى ئۆتكۈزىدۇ، لېكىن يەنىلا ئەنئەنىگە رىئايە قىلىدۇ، كۆپ ساندىكى كىشىلەر جۇڭگونىڭ ئەنئەنىسى بويىچە توي قىلىدۇ. توي ـ تۆكۈن، ئۆلۈم ـ يېتىم، نەزىر ـچىراق مۇراسىملىرىنىڭ ھەممىسىدا ئاتا ـ بوۋىلىرىدىن قېپقالغان قائىدە- رەسمىيەتلەرگە ئەمەل قىلىپ، جۇڭگو ئەنئەنىۋى مەدەنىيىتىنى توپ ئاساسى ئۆلچەم قىلىدۇ. يەر شارائىتى بىلەن ھېسابلىششى، قۇتلۇق كۈننى تاللاش دېگەنگە ئوخشاش كۆز قاراشلاردا گەرچە قېئۇداللىق، خۇراپاتلىق تەركىبلىرى بولسىمۇ، يەنىلا نەچچە مىڭ يىللىق قەدىمكى مەدەنىيەت ئەنئەنىسىنى، جۇڭگولۇقلارنىڭ بىرەر ئىش قىلىشتا خەيرلىك ۋە ئوڭۇشلۇق بولۇشىنى تىلەشكە ئەمەل قىلىش پسىخىك ئالاھىدىلىكىنى ئىپادىلەيدۇ، ئۇنىڭدا كۆڭزى، مېڭزى تەرىقەتلىرى ۋە كۆڭزىچىلار مەدەنىيىتىنىڭ چوڭقۇر ئاساسى ۋە تەسىرى بار. ئائىلە كۆز قارىشى، ئۇرۇقداشلىق كۆز قارىشىنىڭ كۈچلۈك بولۇشى، ئەجدادلىرىنى ئۇنتۇماي، چوڭلارغا ھۆرمەت قىلىشى ۋە ئىتائەتمەن بولۇشى، بىر- بىرى بىلەن جەم بولۇشقا دىققەت قىلىشى، ئىتتىپاق، ھەمكارلىشىدىغان بولۇشى، ئائىلىۋى ئۇرۇقداشلىق ھېسسىياتىغا باغلىنىشى شۇنىڭ جۈملىسىگە كىرىدۇ. شياڭگاڭلىقلارنىڭ كۆپىنچىسى گۇاڭدۇڭ دىئالېكتىدا سۆزلىشىدىغان يەرلىك ئاھالە بولۇپ، ئىلگىرى ـ ئاخىر بولۇپ پۈتۈن مەملىكەتنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىن كۆچۈپ كەلگەن بىر قىسىم ئاھالىلەرمۇ بۇ يەرگە ئولتۇراقلىشىپ قالغان، ئۇلار ئۆز ئائىلىلىرىدە ئۆزلىرىنىڭ ئەسلى يىلتىزىنى ئېسىدىن چىقارماي، ئاتا ـ بوۋىلىرىنىڭ مەدەنىيىتىنى ئۇنتۇماي كەلگەن، جەمئىيەتتە بولسا ھەر خىل شەكىلدىكى يۇرتداشلار جەمئىيىتى، سودا جەمئىيىتى قاتارلىقلارنى قۇرۇپ ھەمىشە بىر يەرگە جەم بولۇشۇپ، ئەھمىيەتلىك بولغان بەزى پائالىيەتلەرنى ئېلىپ بارىدۇ: ئۆزلىرى تۇغۇلغان يېرى، يەرلىك تەلەپپۇزى، ئۆز يۇرتىغا بولغان مۇھەببەت دېگەنگە ئوخشاش ئادەم قەلبىنى چىرتىدىغان يېقىنلىق ھېسسىياتىنىڭ قايسىسىمۇ ئۇنتۇغىلى بولسۇن! شياڭگاڭدا جۇڭگوچە داۋالاش ئىشلىرى ناھايىتى قەدىرلىنىدۇ، جۇڭيى دورىلىرى ئوبدان بازار تاپقان. شياڭگاڭ مەدەنىيىتىنىڭ ئاساسى ئېقىمى ۋەتىنىمىزنى مەنبە قىلغان بولۇپ، جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ ئەنئەنىۋى مەدەنىيىتىنىڭ يىلتىزى چوڭقۇر ۋە چىڭ.

شياڭگاڭ كۆپ مىللەتلەر جەمئىيىتى بولۇپ، ئۇ يەردە بۇددا دىنى، ئىسلام دىنى، كاتولىك دىنى، خرىستىئان دىنى قاتارلىق دۇنياۋى دىنلارنىڭ ھەرقايسىسىغا ئېتىقاد قىلىدىغانلار بولسىمۇ، ئېتىقاد قىلغۇچىلارنىڭ سانى كۆپ بولغىنى ۋە ئېتىقاد قىلىش دەرىجىسى چوڭقۇر بولغىنى يەنىلا ئەنئەنىۋى بولۇپ كەلگەن بۇددا دىنى بىلەن داۋجياۋ دىنىدىن ئىبارەت. شياڭگاڭلىقلار ھەرقايسى چوڭ دىنلارغا ئېتىقاد قىلىشتىن باشقا يەنە خەلق ئارىسىدىكى ئىلاھلارغىمۇ ئېتىقاد قىلىدۇ، ئەجدادلىرىغا چوقۇنىدۇ. باي بولۇش قەيسەرلىك بىلەن تىرىشچانلىق كۆرسىتىشتىن ئايرىلىپ كېتەلمەيدۇ، شياڭگاڭنىڭ ئاۋاتلىشىپ، گۈللەپ ـ ياشنىشى شياڭگاڭلىقلارنىڭ ئۆزىنى توختىماي روناق تاپقۇزۇش روھىغا تايىنىش بىلەن بولغان، ئوڭۇشلۇق بولۇشنى تىلەش، دۆلەتنىڭ ئاسايىشلىقنا، خەلقنىڭ بەخت ـ سائادەتتە ئۆتۈشىگە تەلپۈنۈشتەك ئۆرپ ـ ئادەتلىرى جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ تىنچلىقنى سۆيىدىغان، گۈللەپ ـ ياشناشنى ئارزۇ قىلىدىغان پسىخىكىسىنى ئىپادىلەيدۇ.

**شياڭگاڭنىڭ يېمەك ـ ئىچمىكى ۋە ساياھەتچىلىكى**

شياڭگاڭ ئالقانچىلىك كىچىككىنىلا بىر يەر، ئۇنىڭ مەشھۇر ئاسار ئەتىقىلىرى ئانچە كۆپ ئەمەس، تەبىئىي مەنزىرىسىمۇ بەزى داڭلىق جايلارنىڭكىگە يېتەلمەيدۇ، ئەمما ھەر يىلى شياڭگاڭغا ساياھەتكە كېلىدىغانلار 10 مىليوندىن ئاشىدۇ، ساياھەتچىلىك شياڭگاڭنىڭ تاشقى پېرېۋوت يارىتىدىغان ئىككىنچى چوڭ كەسپى ھېسابلىنىدۇ، بۇنىڭ سىرى قەيەردە؟ شياڭگاڭنىڭ ئەركىن پورت ۋە مال سېتىۋېلىشتىكى كۆڭۈلدىكىدەك جاي ئىكەنلىكىنى ھېسابقا ئالمىغاندا، بۇنىڭ سىرى دەل شياڭگاڭدىكى جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ ئەنئەنىۋى مەدەنىيەت خەزىنىسى ۋە جەزىبىدارلىقىنىڭ بولغانلىقىدا.

شياڭگاڭ بىر تەرىپى دېڭىزغا، بىر تەرىپى ۋەتىنىمىزنىڭ چوڭ قۇرۇقلۇقىغا تۇتىشىدىغان، ئۆي قۇشلىرىغا، دېڭىز مەھسۇلاتلىرىغا، تۈرلۈك ماللارغا باي، بازىرى ئاۋات، يېمەك- ئىچمەك كەسپى تازا تەرەققىي قىلغان شەھەر. شياڭگاڭنىڭ يېمەك ـ ئىچمەك كەسپى كۆپىنچە جۇڭگوچە رېستوران، چايخانا، ئىچىملىكخانا قاتارلىقلاردا، شۇنداقلا بەزى

م. ساسان

ئەجنەبىيچە رېستورانلاردا، قەھۋەخانىلاردا بولىدۇ. جۇڭگوچە ئاشخانىلاردا ئاساسەن گۇاڭدۇڭچە قورۇمىلار بولىدۇ، سىچۇەن، خۇنەن، شەندۇڭ، شاڭخەي قاتارلىق جايلارنىڭ داڭلىق قورۇمىلىرىمۇ بولىدۇ، بۇ ئاشخانىلارنىڭ ھەممىسىدە دېگۈدەك، داڭلىق ئۇستىلار تەكلىپ قىلىپ ئىشلىتىلىدۇ ۋە ئۇلار ئۆزئارا رىقابەتلىشىپ تۇرىدۇ، تۈرى كۆپ، مەززىلىك، ئەرزان قورۇمىلار چىقىرىلىدۇ، ئۇ يەردە ناھايىتى ئېسىل، مەدەنىي، ئالىي دەرىجىلىك رېستورانلارمۇ بار، ئادەتتىكى شەھەر ئاھالىلىرى، ئاددىي ئىشچى-خىزمەتچىلەر تاماق يەيدىغان كىچىك ئاشخانىلارمۇ بار. گۇاڭدۇڭلۇقلارنىڭ ئەتىگەنلىك چايلىرى مەملىكەت ئىچىدىمۇ، چەت ئەللەردىمۇ داڭلىق. جۇڭگوچە تائام دۇنيا بويىچە داڭلىق ھېسابلىنىدۇ. شياڭگاڭ ئەركىن پورت، جۇغراپىيىلىك ئورنى جەھەتتىن، دۇنيا بويىچە دېڭىز، ھاۋا قاتنىشىنىڭ تۈگۈنى ھېسابلىنىدۇ. ساياھەت قىلىش ئۈچۈن شياڭگاڭغا كەلگەنلەرنىڭ كۆپىنچىسى جۇڭگونىڭ يېمەك - ئىچمەك مەدەنىيىتىنى كۆرۈپ بېقىشنى ئويلايدۇ. شياڭگاڭ ئىلگىرىدىنلا ئۆزىنىڭ ئوچۇق شەھەر ئىكەنلىكى بىلەن داڭ چىقىرىپ كەلگەن بولۇپ، ئەزىز مېھمانلارنى قىزغىنلىق بىلەن كۈتۈۋالىدۇ. بۇ يەردە ئالاھىدە ئۇسلۇبقا ئىگە شەرقچە يېمەك - ئىچمەك مەدەنىيىتى جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ ئەنئەنىۋى مەدەنىيىتىنى بېيىتقان.

شياڭگاڭنىڭ يېرى ئاز، ئاھالىسى بەك زىچ بولسىمۇ، قاتنىشى قولايلىق ھەم راۋان. شياڭگاڭدىكى ئاددىي پۇقرالارنىڭ پىكاپ سېتىۋېلىشى ھېچگەپ ئەمەس، ئەمما خۇسۇسىي پىكاپ سېتىۋالغانلارنىڭ نىسبىتى تۆۋەن. چۈنكى بىرىنچىدىن، پىكاپنى قويىدىغان يەر يوق؛ ئىككىنچىدىن، ئاممىۋى قاتناش قولايلىق. باشقا جايلاردىن شياڭگاڭغا كەلگەنلەرنىڭ تاللىشى ئۈچۈن تۈرلۈك قاتناش قوراللىرى تەييار. بىلەتى ئەرزان تراموايمۇ بار. يىراققا بېرىشقا توغرا كەلگەندە يەر ئاستى پويىزىغا ئولتۇرسىڭىزمۇ بولىدۇ. شياڭگاڭنىڭ يەر ئاستى پويىزىنىڭ ئاپتوماتلىشىش دەرىجىسى يۇقىرى، باشقۇرۇلۇش سەۋىيىسى دۇنيا بويىچە بىرىنچى ئورۇندا تۇرىدۇ. يەر ئاستى تۆمۈريولىنىڭ بېكەتلىرىدە پارچە پۇل تېگىشىشتىن باشقا ئىشلارنىڭ ھەممىسى ئاپتوماتىك ماشىنا ئارقىلىق ئېلىپ بېرىلىدۇ. مەسىلەن، بىلەت سېتىش، بىلەت تەكشۈرۈش قاتارلىق ئىشلار. ھەر بىر بېكەتتە نۇرغۇن ئىشىك بولۇپ، ھەممىسىنىڭ يېنىدا خەنزۇچە، ئىنگلىزچە يېزىق بىلەن چۈشەندۈرۈلگەن كۆرسەتكۈچ - تاختىلار، يول خەرىتىسى بار بولۇپ، ساياھەتچىلەرگە ناھايىتى كۆپ قولايلىق يارىتىپ بېرىلگەن.

قاتناشنىڭ شۇ قەدەر قولايلىق بولۇشى شياڭگاڭلىقلارنىڭ شەھەر قۇرۇلۇشىنى مۇۋاپىق لايىھىلىگەنلىكى ۋە ئورۇنلاشتۇرغانلىقىدىن، باشقۇرۇشنى يۈكسەك دەرىجىدە زامانىۋىلاشتۇرغانلىقىدىن بولغان. خەلقئارا پۇل مۇئامىلە مەركىزى، ئۇچۇر مەركىزى، تاۋار جەمئىيىتى بولغان شياڭگاڭدا تۇرمۇشنىڭ رىتىمى تېز. مەيلى كوچىلاردا پىيادە كېتىۋاتقانلار بولسۇن، مەيلى ماشىنىغا ئولتۇرۇپ كېتىۋاتقانلار بولسۇن ھەممىسى ئۆز ئىشى بىلەن ئالدىراش ئۆتىدۇ، تۇرمۇشنىڭ رىتىمى تېز بولغىنى بىلەن قالايمىقانچىلىق يۈز بەرمەيدۇ، جىددىي ھەم تەرتىپلىك بولىدۇ. بۇنى ئەنئەنىۋى مەدەنىيەتلىك، قائىدە - يوسۇنلۇق شەھەرنىڭ ئەدەب - قائىدىلىرى بەلگىلىگەن. كوچا ئاپتوبۇسلىرىدا بىلەت ساتقۇچى بولمىغىنى بىلەن ھەممە كىشى ئۆزلۈكىدىن پۇل تاشلاپ چىقىپ، تەرتىپلىك چۈشىدۇ. شياڭگاڭنى ساياھەت قىلغانلار شەرق مەدەنىيىتىنىڭ ئۆزگىچە ئالاھىدىلىكىدىن تەسىرلىنىدۇ ۋە ئۇنىڭغا تەلپۈنىدۇ.

## مىللىي مەدەنىيەت ئەنئەنىسى ۋە جۇڭگو مەدەنىيىتى بىلەن غەرب مەدەنىيىتىنىڭ قوشۇلۇشى

مىللىي ئەنئەنىۋى مەدەنىيەتنى تونۇش ۋە ئۇنىڭغا كۈچلۈك ئىشتىياق باغلاش شياڭگاڭلىقلارنى ۋەتەن بىلەن تومۇرداش قىلىۋەتكەن. شياڭگاڭ ئاھالىسىنىڭ كۆپچىلىكى گۇاڭدۇڭلۇق بولۇپ، ئۇلارنىڭ گۇاڭدۇڭ تىياتىرىغا ئالاھىدە مۇھەببىتى بار. ئەنئەنىۋى گۇاڭدۇڭ تىياتىرى شياڭگاڭدا خېلى پۇختا ئاساسقا ئىگە، 100 نەچچە يىلدىن بۇيان چوڭ قۇرۇلۇقتىن شياڭگاڭغا بىرنەچچە قېتىم ئاھالە كۆچۈرۈلگەن. ئۇلار ئىچىدە مەملىكەتنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىن بارغان ھەرقايسى مىللەت كىشىلىرى بار ئىدى. بۇ كىشىلەرنىڭ ۋە ئۇلارنىڭ ئەۋلادلىرىنىڭ ئانا تۇپراق مەدەنىيىتىگە ئالاھىدە مۇھەببىتى بار. جىڭجۈي تىياتىرى ھەۋەسكارلىرى ناھايىتى كۆپ. خۇنەن تىياتىرى، گۇاڭشى تىياتىرى، شاڭخەي تىياتىرى، جېجياڭ تىياتىرى قاتارلىق تىياتىرلار قويۇق يەرلىك تۈسكە ئىگە. كىشىلەر ئۆز يۇرتىنىڭ تىياتىرلىرىنى كۆرۈپ، يۇرتىنى ئەسلەپ، يۇرتىغا قايتىپ

كېلىش كويىدا بولدۇ، تېخىمۇ ئىلگىرىلەپ ۋەتەنگە تۆھپە قوشۇش ھېسسىياتىغا كېلىدۇ، خۇيزۇ، موڭغۇل، جۇاڭزۇ قاتارلىق مىللەتلەر بەزى ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ مۇزىكا، ئۇسسۇل سەنئىتىدىن شۇ مىللەتلەرنىڭ ئۆزىنى ئۈزلۈكسىز قۇدرەت تاپقۇزۇش روھىنى كۆرۈپ، ئۆزلىرىنىڭ كۈچلۈك مىللىي ھېسسىياتىنى ۋە مىللىي غۇرۇرىنى ئىپادىلىگەن. «خۇاڭخې ئومۇمخورى» دىكى ئاسمان - زېمىننى لەرزىگە كەلتۈرىدىغان ياڭراق ناخشا سادالىرى شياڭگاڭلىقلارنىڭ كۈچلۈك ۋەتەنپەرۋەرلىك روھىنى ۋە مىللىي ھېسسىياتىنى قوزغىغان. ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ مىللىي ئۇسسۇللىرىدا مەشرىق ئېلىگە خاس يوشۇرۇن گۈزەللىك، بەدىئىي روھ ئىپادىلىنىدۇ. يەلپۈگۈچ ئۇسسۇلىدا، پانۇس ئۇسسۇلىدا، چاي ئۈزۈش ئۇسسۇلىدا جىياڭنەنلىكلەرنىڭ نازاكەتلىك، ئىلھامبەخش ھەرىكەتلىرى تازا تولۇق نامايان قىلىنىدۇ.

شياڭگاڭدا جەمئىي سەككىز كەسپىي سەنئەت ئۆمىكى بار. شياڭگاڭ ئۇسسۇل ئۆمىكى مەخسۇس جۇڭگونىڭ ئەنئەنىۋى مىللىي ئۇسسۇللىرىنى ۋە ئۇسسۇللۇق تىياتىرلىرىنى ئوينايدۇ. ھەر يىلى 10 مىڭدىن ئارتۇق تاماشىبىنغا ئويۇن قويۇپ بېرىدۇ. شياڭگاڭ جۇڭگو مۇزىكا ئۆمىكىنىڭ ئەنئەنىۋى ئۇسلۇبتىكى جۇڭگوچە ئەلنەغمىسى ئۆزگىچە ئالاھىدىلىككە ئىگە. شەھەردىكى ھازىرقى زامان ئۇسسۇل ئۆمىكى شياڭگاڭدا تۇغۇلۇپ ئۆسكەن تالانتلىق ئۇسسۇلچىلارنى يېتىشتۈرۈشنى مۇھىم ئورۇنغا قويىدۇ. بۇ ئۆمەكنىڭ ئۇسسۇللىرىدىن «جۇڭگو شامىلى، جۇڭگو مەشئىلى» سىئۇل خەلقئارا ئۇسسۇل بايرىمىدا ناھايىتى چوڭ زىلزىلە پەيدا قىلغان. شياڭگاڭ سەنئەت مەركىزى، شياڭگاڭ مەدەنىيەت مەركىزى شياڭگاڭنىڭ تۈرلۈك سەنئەتلىرىنى راۋاجلاندۇرۇش ئۈچۈن كۈچ چىقىرىدۇ، تۈرلۈك يېڭى مۇنەۋۋەر سەنئەتلەرنى ئىلھاملاندۇرىدۇ ۋە تونۇشتۇرىدۇ. شياڭگاڭ سەنئەت بايرىمى 1973 - يىلى باشلانغاندىن بۇيان، ھەر يىلى كەڭ كۆلەمدە ئۆتكۈزۈلۈپ كەلمەكتە. بۇ يەردە يەنە جۇڭگو تىياتىر سەنئىتى بايرىمى، جۇڭگو مۇزىكا بايرىمى، جۇڭگو ئۇسسۇل بايرىمىمۇ ئۆتكۈزۈلىدۇ. «جۇڭگو چايلىرى» ۋە چاي قاچىلىرى كۆرگەزمىسىدە جۇڭگونىڭ چاي مەدەنىيىتى كۆرگەزمە قىلىنىدۇ؛ «شياڭگاڭ ھەققىدە ھېكايە»دە ئۇزاق زاماندىن بۇيان، شياڭگاڭنىڭ 6000 يىللىق تەرەققىيات جەريانى بايان قىلىنىدۇ؛ «يۇرت ئەھۋالى ھەققىدە تەپسىلىي بايان» ناملىق مەخسۇس كۆرگەزمىدە شەھەر ئاھالىسىنى شياڭگاڭ مەدەنىيىتىنى چوڭقۇر چۈشىنىش ۋە ئۆگىنىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىدۇ. كىنو - تېلېۋىزىيە جەھەتتە، شياڭگاڭ چامباشچىلىق كىنولىرىنىڭ كۆپىنچىسىدە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى چىڭىتىش، سىرتقى ئاسارەتكە قارشى تۇرۇش ئاساسىي تېما قىلىنىپ، جۇڭگولۇقلارنىڭ قەيسەرانە ئوبرازى، جاسارەتلىك، ئادالەتپەرۋەرلىكى نامايان قىلىنىدۇ. بۇ سەنئەت ئۆمەكلىرى ۋە مەدەنىيەت - سەنئەت پائالىيەتلىرى جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ ئەنئەنىۋى مەدەنىيىتىنى جارى قىلدۇرۇشتا، شياڭگاڭنىڭ يەرلىك سەنئىتىنى راۋاجلاندۇرۇشتا، مىللىي سەنئەتكارلارنى يېتىشتۈرۈشتە ئەجايىپ تۆھپىلەرنى قوشقان.

شياڭگاڭ يېقىنقى يىللاردىن بۇيان چوڭ قۇرۇقلۇقنىڭ مىللىي مەدەنىيەت - سەنئىتى بىلەن بولغان ئالاقىنى راۋاجلاندۇرۇشقا ئەھمىيەت بېرىپ كەلمەكتە. 1992 - يىلدىن باشلاپ جۇڭگو سەنئەت بايرىمىنى ھەر ئىككى يىلدا بىر قېتىم ئۆتكۈزۈپ كېلىۋاتىدۇ. 1996 - يىلى ئۆتكۈزۈلگەن 3 - نۆۋەتلىك جۇڭگو سەنئەت بايرىمىغا شەرق ناخشا - ئۇسسۇل ئۆمىكى، جېجياڭ تىياتىر ئۆمىكى، گۇاڭدۇڭ تىياتىر ئۆمىكى، بېيجىڭ دراما ئۆمىكى قاتارلىق سەنئەت ئۆمەكلىرى تەكلىپكە بىنائەن قاتنىشىپ ئويۇن كۆرسەتتى. جۇڭگو مىللىي ئۆرپ - ئادەتلەر مەدەنىيىتى بايرىمىدا خەلق ئارىسىدىكى سەنئەت ۋە مىللىي ئۆرپ - ئادەت مەدەنىيىتى پائالىيەتلىرى مۇھىم ئورۇنغا قويۇلدى ۋە تونۇشتۇرۇلدى، بۇ بايرامدا شياڭگاڭنىڭ ئۆزىگە خاس گۇاڭدۇڭ ئەلنەغمىسى ۋە جەنۇبىي جۇڭگو كۈيلىرى، چاۋجۇ مۇزىكىسى، فۇجيەن مۇزىكىسى، گۇاڭدۇڭ قونچاق ئويۇنى، جېجياڭ تىياتىرى، گۈيجۇ تىياتىرى بويىچە ئويۇن كۆرسىتىلدى؛ جۇڭگو سېرك ئۆمىكى، خۇبېي چاڭياڭ تۇجيا مىللىي ئۆرپ - ئادەت ئۇسسۇل ئۆمىكى قاتارلىق ئۆمەكلەر تەكلىپ قىلىنىپ، جۇڭگونىڭ ئەنئەنىۋى تىياتىرلىرى، ئەنئەنىۋى ئەلنەغمىلىرى ۋە مىللىي ناخشا - ئۇسسۇللىرى بويىچە ئويۇن كۆرسەتتى. باشقا بەزى سەنئەت پائالىيەتلىرىدە شىنجاڭ مۇقام ئانسامبىلى بىلەن ئىچكى موڭغۇل، يۈننەن، گۇاڭشى، يەنبيەن قاتارلىق جايلاردىكى ئۇيغۇر، موڭغۇل، چاۋشيەنزۇ، مانجۇ، خۇيزۇ، تۇجيا، مياۋزۇ،

خېجىزۇ قاتارلىق مىللەتلەرنىڭ سەنئەتكارلىرىدىن تەركىب تاپقان ھەر خىل سەنئەت ئۆمەكلىرى تەكلىپ بويىچە كەينى - كەينىدىن شياڭگاڭغا بېرىپ ئويۇن قويدى. شياڭگاڭ يەنە «چىڭگىزخان» دېگەن تېمىدىكى شىمالىي رايونلاردىكى كۆچمە چارۋىچىلىق مەدەنىيىتى كۆرگەزمىسى قاتارلىق ئاز سانلىق مىللەتلەرگە ئائىت كۆرگەزمە، جۇڭگو ئاز سانلىق مىللەتلىرى سەنئەت سۆھبىتى قاتارلىق پائالىيەتلەرنى ئۇيۇشتۇردى. بۇ سەنئەت پائالىيەتلىرى جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ ئەنئەنىۋى مەدەنىيىتىنى راۋاجلاندۇرۇپ، شياڭگاڭنىڭ ۋەتەن چوڭ قۇرۇقلۇقى بىلەن مەدەنىيەت - سەنئەت ئالماشتۇرۇشىنى ئىلگىرىلەتتىشتە، ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ، ھەرقايسى جايلارنىڭ مەدەنىيەت - سەنئەت ئالماشتۇرۇشىنى ئىلگىرى سۈرۈشتە زور ئەھمىيەتكە ئىگە.

شياڭگاڭغا ئوخشاش تېز تەرەققىي قىلىۋاتقان سودا جەمئىيىتى مول، رەڭگارەڭ ھەم ئۆزگىرىشچان مەدەنىيەت - سەنئەت شەكىللىرىگە مۇھتاج. تۇرمۇشىنىڭ تېز رىتىمى بەدىئىي ھۇزۇرلىنىش جەھەتتىمۇ تېز رىتىملىق مودا مۇزىكىغا يۈزلەنمەكتە. شياڭگاڭ جۇڭگو مۇزىكا ئانسامبىلىغا ئوخشاش سەنئەت ئۆمەكلىرى جۇڭگونىڭ مۇزىكىسىنىلا ئورۇنداپ قالماي، ياۋروپا - ئامېرىكا ئەللىرىنىڭ چوڭ تىپتىكى سىمفونىيىلىرىنىمۇ ئورۇندايدۇ، شياڭگاڭ بالېت ئۆمىكىنىڭ ئويۇنلىرى مەلۇم خەلقئارا ئابرويغا ئىگە. 1976 - يىلىدىن بۇيان شياڭگاڭدا ھەر يىلى بىر نۆۋەت ئاسىيا سەنئەت بايرىمى ئۆتكۈزۈلىدۇ. ھازىرغىچە 16 نۆۋەت ئۆتكۈزۈلدى. ئاسىيا سەنئەت بايرىمىدا شۇنىڭدەك باشقا بەزى سەنئەت پائالىيەتلىرىدە ئاسىيادىكى بەزى دۆلەتلەرنىڭ ھەر خىل بەدىئىي ئۇسلۇبلارغا ئىگە سەنئەت تەشكىلاتلىرى تەكلىپ بويىچە كېلىپ ئويۇن قويىدۇ. باشقا قىتئەلەردىكى دۆلەتلەرنىڭ سەنئەت ئۆمەكلىرىمۇ بۇنداق پائالىيەتلەرگە قاتنىشىدۇ. بۇ سەنئەت پائالىيەتلىرى جۇڭگو بىلەن چەت ئەللەر ئوتتۇرىسىدىكى مەدەنىيەت - سەنئەت ئالاقىسىنى كېڭەيتىدۇ ۋە جانلاندۇرىدۇ.

شياڭگاڭ ئۆزىنىڭ جۇڭخۇا مىللىتىگە خاس بولغان مۇستەھكەم ئەنئەنىۋى مەدەنىيىتى ئارقىلىق دۇنيا مەدەنىيىتىنىڭ ئالماشتۇرۇلۇش مەركىزى بولۇپ تۇرماقتا. شياڭگاڭنىڭ مەدەنىيىتى ئەنئەنىۋى مەدەنىيەت، شۇنداقلا ھازىرقى زامان مەدەنىيىتى، جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ مەدەنىيىتى، شۇنداقلا دۇنيانىڭ مەدەنىيىتىدۇر.

(ياسىن ھاۋازى، خەمىت نېغمەت تەرجىمە قىلدى)

## ۋىسال پەيتى

● ئىمىن ئەھمىدى ●

*بۇ شېئىرنى مەن 1987 - يىلى ئاۋغۇستا بارغاندا يېزىلغانىدى. ئۇ چاغلاردىكى ئارزۇلىرىمنىڭ بۈگۈن ئەمەلگە ئېشىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، ئۆزۈمدىن تولىمۇ مەمنۇن بولدۇم. ۋەتىنىمنىڭ بىرلىكى پەرزەنتىنىڭ مادارى، شائىرنىڭ ئىپتىخارى ئەمەسمۇ؟ مانا ئەمدى مۇشۇ ۋىسال پەيتىدە بۇ شېئىرنى ئوقۇرمەنلەرگە سۇندۇم.*

*— ئاپتوردىن*

غەربىي شىمالدىن تا شەرقىي جەنۇبقا،
سوزۇلۇپ بىر ئۇلۇغ زېمىن ياتىدۇ.
تاغلىرى بىر تۇتاش، نەپىسى ئوخشاش،
ھاۋاسى بىر تۇتاش، ئارزۇسى ئوخشاش،
سۇپسۈزۈك سۇلىرى تومۇرىدا قان،
جۇجيالىدىن ئوكيانغا ئۇقچۇپ ئاقىدۇ.
دەل ئاشۇ دەريانىڭ ئىككى قولىدا،
بىر ئانىدىن بولغان بىر جۈپ قوشكېزەك -
ئانىسىغا بېقىپ دولقۇن ئاتىدۇ ...

جىسمىدا بىر ئىقبال، كۆۋەجەپ ھەرئان
قولىنى ئۇزۇتۇپ قۇتۇپ يۇلتۇزغا،
ھىجران ئازابىدا قوشاق قاتىدۇ.
گويا ئېمىش ئۈچۈن ئەمچەك ئاختۇرۇپ
ئانىنىڭ كۆكسىگە لەۋلەر ياقىدۇ.
يۈبماق بولۇپ تارىخ ھاقارىتىنى،
ۋىسال قۇدرىتىدىن ئىشىك قاقىدۇ ...

ئەزەلدىن ئانىلار پەرزەنتكە ئامراق،
مەيلى پەرزەنت يىراق ياكى يېقىندا،
ھامان بىر - بىرىنى ئىزدەپ تاپىدۇ،
ئانا كۆكسىگە باش قويىدۇ پەرزەنت،
يا پەرزەنت ئۈستىگە ئانىسى زەپەر
بەلگۈسى ئورنىدا تونلار ياپىدۇ.
يا ئانا ئۇلارغا بېرىدۇ مەدەت،
يا پەرزەنت ئانىسى تەرەپ چاپىدۇ.
دېمەك، بىر كۈن كېلىپ ئانا - بالىنى،
بىر - بىرىدىن جۇدا قىلغان ئاسارەت
تارىخ سەھنىسىدىن نېرى قاچىدۇ ...

جۇجيالى دەرياسىنىڭ ئىككى قولىدا
بىر چاغدا تۇغۇلغان بىر جۈپ قوشكېزەك
ئانىغا تەلپۈنۈپ قىيا باقىدۇ،
شۇنداق بىر گۈزەل كۈن كېلىدۇ چوقۇم
پەرزەنت ئانىسىنى ئىزدەپ تاپىدۇ ...

1987 - يىل 5 - ئاي، بېيجىڭ

*مىللەتلەرنىڭ بۈيۈك ئىتتىپاقلىقىنى مۇستەھكەملەش ۋە راۋاجلاندۇرۇش پۈتۈن مەملىكىتىمىزدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ تۈپ مەنپەئىتى ۋە ئورتاق ئارزۇسى. نۆۋەتتە ئاز سانلىق مىللەتلەر رايونلىرىنىڭ ئىقتىسادىي ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىيات قەدىمى تېزلىتىلدى، خەلقنىڭ تۇرمۇشى كۆرۈنەرلىك دەرىجىدە ياخشىلاندى، مىللەتلەر مۇناسىۋىتىمۇ ياخشى بولماقتا، بۇنداق ياخشى ۋەزىيەتنى ئىنتايىن قەدىرلىشىمىز ۋە داۋاملىق راۋاجلاندۇرۇشىمىز لازىم.*

*— زۇڭلى لى پېڭنىڭ 8 - نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ 5 - يىغىنىدا بەرگەن «ھۆكۈمەت خىزمىتىدىن دوكلات»دىن ئېلىندى.*

# بۈيۈك ئىتتىپاقلىق زور تەرەققىياتقا

# قۇچاق ئاچتى

### — 8 - نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ

### 5 - يىغىنىدىن زىيارەت خاتىرىسى

● ژۇرنىلىمىز مۇخبىرى **ۋاڭ خۇڭخۇيېن** ●

بۇ يىل جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ تەرەققىيات مۇساپىسىدىكى خاسىيەتلىك بىر يىل بولدى: 7 - ئاينىڭ 1 - كۈنى ئېلىمىز ھۆكۈمىتى شياڭگاڭغا بولغان ئىگىلىك ھوقۇقىنى ئەسلىگە كەلتۈردى؛ كېيىنكى يېرىم يىلدا، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى مەملىكەتلىك 15 - قۇرۇلتىيىنى چاقىردى، بۇ تارىخ سەھىپىسىدە ئەبەدىي نۇر چاچىدىغان ھەم زور ۋە چوڭقۇر تەسىر پەيدا قىلىدىغان ئىككى چوڭ ئىش بولۇپ قالغۇسى.

مۇشۇ خاسىيەتلىك باھاردا، تارىخىي گىگانت شەخس، جۇمھۇرىيىتىمىزنىڭ ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش ۋە سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇش ئىشلىرىنىڭ باش لايىھىلىگۈچىسى يولداش دېڭ شياۋپىڭ بىلەن ئەمدىلا ۋىدالاشقان پۈتمەس-تۈگىمەس مۇسىبەتتە ئىچىدە، 1 مىليارد 200 مىليون خەلقنىڭ مۇھىم تاپشۇرۇقلىرىنى ئالغان مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرى ۋەتىنىمىزنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىن پايتەختىمىز بېيجىڭغا كېلىپ جەم بولدى — 1997 - يىل 3 - ئاينىڭ 1 - كۈنى 8 - نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ 5 - يىغىنى خەلق سارىيىدا دەل ۋاقتىدا داغدۇغىلىق ئېچىلىپ، دۇنيانىڭ شەرقىدە قەد كۆتۈرۈپ تۇرغان سوتسىيالىستىك جۇڭگونىڭ مۇقىم، مۇستەھكەم ۋەزىيىتىنى ۋە كۈچلۈك ئىشەنچىسىنى تولۇق نامايان قىلدى.

ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش، ئىشىكنى سىرتقا ئېچىۋېتىش ئىشلىرىنىڭ ئۈزلۈكسىز چوڭقۇرلىشىشى، پارتىيىنىڭ مىللىي سىياسىتىنىڭ ئىزچىللىشىشى - ئەمەلىيلىشىشى ۋە پۈتۈن مەملىكەت خەلقىنىڭ زور كۈچ بىلەن ياردەم بېرىشى ئارقىسىدا مەملىكىتىمىزدىكى كەڭ ئاز سانلىق مىللەتلەر رايونلىرىنىڭ تۈرلۈك ئىقتىسادىي ۋە ئىجتىمائىي ئىشلىرى ئۇچقاندەك تەرەققىياتلارغا ئېرىشتى. بۇنداق ياخشى ۋەزىيەتنى ھەسسىلەپ قەدىرلەش ۋە داۋاملىق راۋاجلاندۇرۇش، مىللەتلەرنىڭ بۈيۈك ئىتتىپاقلىقىنى مۇستەھكەملەش ۋە راۋاجلاندۇرۇش، مىللەتلەرنىڭ زور تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈش پۈتۈن مەملىكەتتىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئورتاق ئارزۇسى ۋە يۈرەك ساداسى بولۇپ قالدى.

**بۈيۈك ئىتتىپاقلىق زور تەرەققىياتقا ئۇل سالدى**

ئاز سانلىق مىللەتلەر رايونلىرىنىڭ ئىقتىسادىي ۋە ئىجتىمائىي جەھەتلەردىكى تەرەققىياتىدا ئوبيېكتىپ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇۋاتقان پەرقلەرنىڭ تارىخىي ۋە تەبىئىي قاتارلىق كۆپ تەرەپلىمە سەۋەبى بار بولۇپ، بۇ خىل پەرقلەرنى كىچىكلىتىش ئىقتىسادنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ئارقىلىقلا ئىشقا ئاشىدۇ، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى بولسا بۇنىڭ ئالدىنقى شەرتى ۋە ئاساسىدۇر.

بۇ قېتىمقى خەلق ۋەكىللەر قۇرۇلتىيى ئېچىلغان كۈنى چۈشتىن كېيىن، باش شۇجى جياڭ زېمىن نىڭشيا ۋەكىللىرى بىلەن بىللە زۇڭلى لى پېڭنىڭ ھۆكۈمەت خىزمىتىدىن بەرگەن دوكلاتىنى قاراپ چىققاندا مۇنداق دەپ كۆرسەتتى: مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى كۈچەيتىپ، ئىجتىمائىي مۇقىملىقنى قوغداش ئاز سانلىق مىللەتلەر رايونلىرىنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈشتە ئىنتايىن مۇھىم. مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى

مۇستەھكەملەپ ۋە راۋاجلاندۇرۇپ، ئىجتىمائىي مۇقىملىقنى قوغداشتىكى مەقسەتمۇ دەل ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشنى تېخىمۇ ئوبدان ئېلىپ بېرىپ، ئاز سانلىق مىللەتلەر رايونلىرىنىڭ ئىقتىسادىي ئەمەلىي كۈچىنى زور كۈچ بىلەن كۈچەيتىپ، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ تۇرمۇش سەۋىيىسىنى ئۈزلۈكسىز يۇقىرى كۆتۈرۈشتىن ئىبارەت.

پارتىيىنىڭ مىللىي سىياسىتى مىللەتلەر ئىتتىپاق بولغان چوڭ ياخشى ۋەزىيەتنىڭ مەنبەسى بولۇپ، ئۇ ئاز سانلىق مىللەتلەرنى ھەقىقىي تۈردە ئۆز -ئۆزىگە خوجا قىلدى. بۇ توغرىدا، نوپۇس سانى ئازراق بولغان ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرىنىڭ تەسراتى ئالاھىدە چوڭقۇر بولدى. شىزاڭ ۋەكىلى پىڭ سو (مېنبا مىللىتىدىن) مۇخبىرنىڭ زىيارىتىنى قوبۇل قىلغاندا چوڭقۇر ھېسسىيات بىلەن مۇنداق دېدى: «ئۆتمۈشتە ئەكسىيەتچى ھۆكۈمران سىنىپلار بىزنى ئادەم قاتارىدا كۆرمەي،گەپ قىلالايدىغان ھايۋان، ياۋايىلار دەپ قارايتتى. پەقەت جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى رەھبەرلىكىدىكى سوتسىيالىستىك يېڭى جۇڭگودىلا، بىزنىڭ كىشىلىك ئىززەت - ھۆرمىتىمىز بولدى، ئۆز ئىشىمىزغا ئۆزىمىز خوجا بولدۇق.» جيەن جېڭ (لوبا مىللىتىدىن) 7-، 8 - نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ ۋەكىلى بولۇپ، ۋۇخەن سۇ ئېلېكتر ئىنستىتۇتىنى پۈتتۈرگەن، لوبا مىللىتىدىن كېلىپ چىققان تۇنجى ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىسى. ئۇ مۇخبىرغا مېنبا ۋە لوبا مىللەتلىرىنىڭ نوپۇسى ئازراق بولسىمۇ، ئەمما پارتىيە ۋە ھۆكۈمەتنىڭ ئىزچىل تۈردە ئۇلارغا كۆڭۈل بۆلۈپ كېلىۋاتقانلىقىنى سۆزلەپ بەردى.

تەيۋەن ئۆلكىسىنىڭ ۋەكىلى تيەن فۇدا (گاۋشەن مىللىتىدىن) مۇنداق دېدى: «تەيۋەندىكى گاۋشەنلەر ئارىسىدىكى ياش زىيالىيلار ۋەتىنىمىز چوڭ قۇرۇقلۇقنىڭ مىللىي سىياسىتىگە ناھايىتى يۇقىرى باھا بېرىدۇ. جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى رەھبەرلىكىدىكى ئاز سانلىق مىللەتلەرلا ھەقىقىي تۈردە ئۆز - ئۆزىگە خوجا بولالىدى،

دەپ قارايدۇ. ئۇلار بىزنىڭ ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ مەدەنىيىتىنى پائال ساقلاپ قېلىش ھەرىكىتىمىزنى ئالاھىدە تەرىپلىشىدۇ، چۈنكى ئۇلار بۇنى مىللىي باراۋەرلىكنىڭ مۇھىم ئىپادىسى، دەپ قارايدۇ».

شىزاڭ ئاپتونوم رايونىنىڭ يېقىنقى يىللاردىكى تەرەققىياتى ئۈستىدە توختالغاندا، ئاپتونوم رايوننىڭ رەئىسى، ۋەكىل جياڭ سۈنلوبۇ (زاڭزۇ مىللىتىدىن) مۇنداق دەپ قارىدى: ئەڭ زور تەسىراتىم شۇ بولدىكى، «ئىككى ئايرىلالماسلىق»نىڭ مۇھىملىقىنى ھەقىقىي تۈردە ھېس قىلدىم. «شىزاڭ تىنچلىق بىلەن ئازاد بولغاندىن كېيىن پارتىيە ۋە دۆلەتنىڭ ئۈچ ئەۋلاد رەھبەرلىك كوللېكتىپىنىڭ غەمخورلۇقىغا ئىزچىل ئېرىشىپ كەلدى. شىزاڭنىڭ بۈگۈنكىدەك گۈللىنىشى ۋە تەرەققىي قىلىشى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ غەمخورلۇق قىلىشى ۋە پۈتۈن مەملىكەت خەلقىنىڭ زور كۈچ بىلەن ياردەم بېرىشىنىڭ نەتىجىسى. بولۇپمۇ مەركەزنىڭ 3 - قېتىملىق شىزاڭ خىزمىتى يىغىنىدىن كېيىن، پۈتۈن مەملىكەتنىڭ شىزاڭغا ياردەم بېرىش سالمىقى تېخىمۇ زورايدى. بۈلتۈر، مەركەز شىزاڭغا كۆڭۈل بۆلۈش، پۈتۈن مەملىكەت شىزاڭغا ياردەم بېرىش قىزغىنلىقى شەكىللەندى. نۆۋەتتە، پۈتۈن مەملىكەت شىزاڭغا ياردەم بېرىپ قۇرۇپ بەرگەن 62 تۈرلۈك قۇرۇلۇشنىڭ 56تۈرى تاماملاندى، 3 مىليارد 530 مىليون



يۈەن مەبلەغ ئەمەلىيلىشىپ، مىليونلىغان ئامما بىۋاسىتە نەپ ئالدى، بۇ شىزاڭنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتىدا ناھايىتى زور تۈرتكىلىك رول ئويىنىدى. مەركەزدىكى ھەرقايسى تارماقلار ۋە قېرىنداش ئۆلكە، شەھەرلەر سىستېمىلار بويىچە شىزاڭغا ياردەم بېرىش پائالىيىتىنى قانات يايدۇردى، 700 نەپەردىن كۆپرەك كادىرنى شىزاڭنىڭ قۇرۇلۇش ئىشلىرىغا ياردەم بېرىشكە ئەۋەتتى. بۇ كادىرلار شىزاڭ خەلقى ئويلىغاننى ئويلاپ، شىزاڭ خەلقى ئالدىرىغانغا ئالدىراپ، پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن شىزاڭنىڭ ئىقتىسادىي قۇرۇلۇش ئىشلىرىغا ياردەم بەرمەكتە. شىزاڭ خەلقى «ئىككى ئايرىلالماسلىق»نىڭ مۇھىملىقىنى چوڭقۇر چۈشەندى، ۋەتىنىمىز چوڭ ئائىلىسىنىڭ ئىللىقلىقىنى ۋە سوتسىيالىستىك تۈزۈمنىڭ ئەۋزەللىكىنى تولۇق ھېس قىلدى».

پارتىيىمىز مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى قوغداشقا ۋە ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ تەرەققىياتىغا پايدىلىق بولغان، جۇڭگونىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىغا ئۇيغۇن كېلىدىغان مىللىي سىياسەتنى تۈزۈپ ۋە ئۇنى قەتئىي تەۋرەنمەي ئىزچىللاشتۇرۇپ ھەمدە يولغا قويۇپ، ئىتتىپاقلىق، باراۋەرلىك، ھەمكارلىق ئاساسىدىكى يېڭىچە سوتسىيالىستىك مىللەتلەر مۇناسىۋىتىنى ئورنىتىپ، مىللەتلەرنىڭ بۈيۈك ئىتتىپاقلىقىدىن ئىبارەت چوڭ ياخشى ۋەزىيەتنى يىلمۇ يىل تېخىمۇ مۇستەھكەملىدى. بۇ خىل ۋەزىيەت ئاز سانلىق مىللەتلەر رايونلىرىنىڭ ئىجتىمائىي ۋە ئىقتىسادىي تەرەققىياتىنى ئىشەنچلىك كاپالەتكە ئىگە قىلدى. ئاز سانلىق مىللەتلەر رايونلىرىنىڭ تەرەققىياتىمۇ بۇ نۇقتىنى تولۇق ئىسپاتلىدى.

ئىچكى موڭغۇل ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ شۇجىسى، ۋەكىل ليۇ مىڭزۇ مۇنداق دەپ ھېسابلىدى: «مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىدىن ئىبارەت مۇشۇ مۇھىم ئالدىنقى شەرت ۋە ئاساس بولمىسا، تەرەققىياتتىن ھەرگىز سۆز ئاچقىلى بولمايدۇ، شۇڭا بۇنداق تونۇشتىن ھەرقانداق ۋاقىتتا تەۋرىنىشكە بولمايدۇ.» ئىچكى موڭغۇلنىڭ مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيىنى يولغا قويغان 50 يىلدىن بۇيانقى ئىقتىسادىي ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىيات نەتىجىلىرىنى، بولۇپمۇ 8 - بەش يىللىق پىلان مەزگىلىدىن بۇيانقى كۆرۈنەرلىك نەتىجىلىرىنى ئەسلەپ كېلىپ، ۋەكىل ليۇ مىڭزۇ مۇنداق دەپ كۆرسەتتى: «ئالدى بىلەن بۇ نەتىجىلەرنىڭ مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنىڭ مېۋىسى ئىكەنلىكىنى كۆرۈۋېلىشىمىز كېرەك. پارتىيىنىڭ مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە سىياسىتى ھەرقايسى مىللەتلەرنى ھەقىقىي باراۋەرلىككە ئېرىشتۈرۈپ، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى ۋە مىللەتلەرنىڭ تەرەققىياتىنى ئەڭ تۈپ كاپالەتكە ئىگە قىلدى.»

ئىچكى موڭغۇل ئاپتونوم رايونى 1947 - يىلى قۇرۇلغان بولۇپ، ئۇنىڭ قوينىدا موڭغۇل، خەنزۇ، خۇيزۇ، ئىلۇنچۈن، ئېۋېنكىي، مانجۇ قاتارلىق 49 مىللەت بىرلىكتە ياشاپ كەلمەكتە. 50 يىلدىن بۇيان ھەر مىللەت خەلقى قېرىنداشلارچە زىچ ئىتتىپاقلىشىپ، مىللەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى دوستانە ھېسسىياتنى تېخىمۇ كۈچەيتتى، ھەم ئورتاق تەرەققىي قىلىش ۋە ئورتاق بېيىشقا يۈزلىنىش قىلىش ئۈچۈن ئىجتىمائىي شارائىت بەرپا قىلدى. پۈتۈن ئاپتونوم رايوننىڭ ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتى، مالىيە كىرىمى، ئاشلىق مەھسۇلاتى، چارۋا تۇياق سانى، سانائەت مەھسۇلاتى قاتارلىقلار 1947 - يىلدىكىگە سېلىشتۇرغاندا نەچچە ئون ھەسسە ھەتتا نەچچە يۈز ھەسسە ئاشقان.

ئىتتىپاقلىق بولغاندىلا مۇقىملىق بولىدۇ، مۇقىملىق بولغاندىلا تەرەققىيات بولىدۇ.گۇاڭشى جۇاڭزۇ ئاپتونوم رايونى بۇلتۇر تەبىئىي ئاپەتكە كۆپ ئۇچرىغان بولسىمۇ، يەنىلا ياخشى نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈرگەن. پۈتۈن ئاپتونوم رايوننىڭ ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتىدە 188 مىليارد 500 مىليون يۈەن يارىتىلىپ، ئالدىنقى يىلدىكىدىن % 10.6 كۆپەيگەن. شىزاڭ ئاپتونوم رايوننىڭ بۇلتۇرقى خەلق ئىگىلىكى ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتى ئالدىنقى يىلدىكىدىن % 10 ئېشىپ، خەلق ئىگىلىكى تەرەققىيات سۈرئىتى % 9.3كە يەتكەن؛ يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشدا ئۇدا توققۇز يىل مول ھوسۇل ئېلىنىپ، تارىختىكى ئەڭ يۇقىرى سەۋىيە يارىتىلغان؛ پۈتۈن ئاپتونوم رايوندىكى بەش ناھىيە نامراتلىق قالپىقىنى چۆرۈپ تاشلاپ، 120 مىڭ ئائىلە نامراتلىقتىن ئاساسىي جەھەتتىن قۇتۇلغان.

«مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى، ئىجتىمائىي مۇقىملىق، ئىقتىسادىي تەرەققىيات»تىن ئىبارەت ئۈچ تەرەپ ئوتتۇرىسىدىكى بىر - بىرىنى تولۇقلاش ۋە بىر - بىرىنى ئىلگىرى سۈرۈش مۇناسىۋىتىنى چوڭ جەھەتتىن پۈتۈن مەملىكەتنىڭ ۋە ئوتتۇرا - غەربىي قىسىم رايونلارنىڭ،

كىچىك جەمەتتىن ھەر بىر ناھىيە (خوشۇن)نىڭ ئەمەلىيىتى تولۇق ئىسپاتلىدى.

9 - بەش يىللىق پىلاننىڭ دەسلەپكى يىلىدا ياخشى باشلىنىش بارلىققا كەلدى، قالغان تۆت يىل ئىچىدە 9 - بەش يىللىق پىلاننى ئىشقا ئاشۇرۇشتا، گەرچە ئىقتىسادىي تەرەققىيات ۋەزىپىسى ناھايىتى مۈشكۈل، دۇچ كېلىۋاتقان قىيىنچىلىقلار ناھايىتى كۆپ بولسىمۇ، ئەمما مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىدىن ئىبارەت بۇ ئاساسنى ئۈزلۈكسىز مۇستەھكەملەپ ۋە كۈچەيتىپ، قۇدرەتلىك بىرىكمە كۈچ ھاسىل قىلساقلا، ئۇلۇغۋار نىشان ناھايىتى تېزلىكتە رېئاللىققا ئايلىنالايدۇ.

**زور تەرەققىيات بۈيۈك ئىتتىپاقلىقنى ئىلگىرى سۈردى**

سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى ئېچىۋېتىلگەن چوڭ سىستېما بولۇپ، ئۇنىڭدا ئىشلەپچىقىرىش يۈكسەك دەرىجىدە ئىجتىمائىيلاشقان بولىدۇ. ئۇ بارلىق بېكىنمە ھالەت ۋە تۇسالغۇلارنى بۆسۈپ تاشلاپ ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ ئىقتىسادىي جەھەتتىكى چوڭ بىرلىشىشنى، ئىدىيىۋى - مەدەنىيەت جەھەتتىكى چوڭ ئالاقىسىنى ئىلگىرى سۈردى. بۇنداق چوڭ بىرلىشىش ۋە چوڭ ئالاقە ئىشلىرى يەنە بىر جەھەتتىن مىللەتلەرنىڭ بۈيۈك ئىتتىپاقلىقىنى ئىلگىرى سۈردى.

ئاز سانلىق مىللەتلەر رايونلىرىنىڭ بايلىق مەنبەسى ئۈستۈنلۈكى بار، تەرەققىي تاپقان رايونلارنىڭ بولسا تېخنىكا، ئىختىساسلىق خادىم، مەبلەغ، ئۇچۇر مەنبەسى ئۈستۈنلۈكى بار بولۇپ، بۇ ئۆزئارا ئۈستۈنلۈك ئارقىلىق كەمتۈكلۈكنى تولۇقلاشقا تازا باب كېلىدۇ.

بۇ يىلقى مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللەر يىغىنىدا، ئوتتۇرا ۋە غەربىي قىسىم رايونلارنىڭ تەرەققىياتى يەنىلا قىزىق تېما بولدى. ۋەكىللەر مۇنداق ھېسابلىدى: «شەرقىي قىسىم رايونلار بىلەن ئوتتۇرا ۋە غەربىي قىسىم رايونلارنىڭ ھەمكارلىقىنى كۈچەيتىشتىن ئىبارەت بۇ مەسىلىنى چوقۇم سىياسىي يۈكسەكلىكتە تۇرۇپ ئويلىشىمىز كېرەك.» جۇڭگونىڭ يېرى كەڭ، تەرەققىياتى تولىمۇ تەكشىسىز، تەرەققىيات ستراتېگىيىسىدىمۇ بىر تەرەپكىلا كۆپرەك ئەھمىيەت بېرىش ھادىسىسى مەۋجۇت. مىللەتلەرنىڭ بۈيۈك ئىتتىپاقلىقىدىن ئىبارەت چوڭ ياخشى ۋەزىيەتنى مۇستەھكەملەپ، مۇقىم بولغان چوڭ ۋەزىيەتنى قوغداپ، دۆلىتىمىزنى ھەقىقىي گۈللەنگەن، باي - قۇدرەتلىك دۆلەت قىلىپ قۇرۇپ چىقىشتا، ئوتتۇرا ۋە غەربىي قىسىم رايونلارنىڭ تەرەققىياتى بولمىسا بولمايدۇ. پارتىيە 14 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 5 - ئومۇمىي يىغىنىدا ئوتتۇرا ۋە غەربىي قىسىم رايونلارنىڭ تەرەققىياتىغا يار - يۆلەكتە بولىدىغان ستراتېگىيە تېخىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا بېكىتىلىپ، ئوتتۇرا ۋە غەربىي قىسىم رايونلار بىلەن شەرقىي قىسىم رايونلارنى ئۆزئارا ھەمكارلىشىدىغان، ئورتاق تەرەققىي قىلىدىغان تارىخىي پۇرسەت يارىتىلدى.

باش شۇجى جياڭ زېمىن نىڭشيا ۋەكىللىرى بىلەن بىللە ھۆكۈمەت خىزمىتىدىن بېرىلگەن دوكلاتنى قاراپ چىققاندا مۇنداق دەپ كۆرسەتتى: دۆلەت ئوتتۇرا ۋە غەربىي قىسىم رايونلارنىڭ مەبلەغ سالمىقىنى ئاشۇرۇش، مالىيىنى يۆتكەپ چىقىم قىلىش تۈزۈمىنى يولغا قويۇش، چەت ئەل مەبلىغىنى ئوتتۇرا ۋە غەربىي قىسىم رايونلارغا كىرگۈزۈش، شەرقىي قىسىم رايونلار بىلەن ئوتتۇرا ۋە غەربىي قىسىم رايونلارنىڭ ھەمكارلىقىنى كۈچەيتىش قاتارلىق سىياسەت ۋە تەدبىرلەرنى قوللىنىش ئارقىلىق، ئوتتۇرا ۋە غەربىي قىسىم رايونلارنىڭ تەرەققىيات قەدىمىنى تەدرىجىي تېزلىتىپ، شەرقىي قىسىم رايونلار بىلەن بولغان پەرقنى قەدەممۇ قەدەم كىچىكلىتىدۇ. ئۇ يەنە مۇنۇلارنى تەكىتلەپ كۆرسەتتى: شەرقىي قىسىم رايونلار ھەم خەلقئارا بازارلارغا قارىتا ئېچىۋېتىشنى كېڭەيتىشى، ھەم دۆلەت ئىچىگە بولۇپمۇ ئوتتۇرا - غەربىي قىسىم رايونلارغا قارىتا ئېچىۋېتىشنى كېڭەيتىشى لازىم. بۇ شەرقىي قىسىم رايونلارنىڭ ئۆز تەرەققىياتى ئۈچۈنمۇ پايدىلىق. قىسقىسى، ئۆزئارا ئېچىۋېتىشنى كېڭەيتىش ۋە زىچ ھەمكارلىشىش ئارقىلىق ھەرقايسى رايونلارنىڭ ئورتاق تەرەققىي قىلىشى ۋە ئورتاق گۈللىنىشىنى ئىلگىرى سۈرۈش كېرەك.

بۇ نۇقتىدا، شەرقىي قىسىم رايونلارنىڭ خەلق قۇرۇلتاي ۋەكىللىرى ناھايىتى سەزگۈر بولدى. شاڭخەي شەھەرلىك ئىقتىساد كومىتېتىنىڭ مۇدىرى، ۋەكىل شۈي جيې مۇنداق دەپ قارىدى: «جۇڭگونىڭ ئاھالىسى شۇنچە كۆپ، نامرات ئاھالىلەردىن يەنە 60 مىليوندىن كۆپرەكى بار. بىزنىڭ بىر قەدەم ئالدىن تەرەققىي تاپقان رايون بولۇش سۈپىتىمىز بىلەن نامراتلارغا يار - يۆلەكتە بولۇپ ۋە ياردەم بېرىپ، ئۇلار بىلەن تەڭ پەرۋاز قىلىشتا مەسئۇلىيىتىمىز ۋە بۇرچىمىز

بار. شاگخەي شەھىرى بۇ بىر نەچچە يىلدا نامراتلارغا يار - يۆلەك بولۇش ۋە ياردەم بېرىش ئۈچۈن نۇرغۇن تۈرلەرنى يولغا قويدى، سەنشياغا قىلغان ياردەم سوممىسى 160 مىليونغا يەتتى؛ شىزاگنىڭ رېخازى ۋە لاسادا چولڭ تېپتىكى سۇ بىلەن تەمىنلەش قۇرۇلۇشىنى قۇرۇپ چىقىشقا ئايرىم- ئايرىم ھالدا ياردەم بەردى؛ يۈننەن بىلەن 81-تۈرلۈك ھەمكارلىق مۇددىئانامىسىنى ئىمزالىدى، بۇنىڭ ئومۇمىي مەبلەغ سوممىسى 2 مىليارد 500 مىليون يۈەنگە يەتتى؛ پۈتۈن مەملىكەتنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا شاگخەي قۇرۇپ بەرگەن ئۈمىد باشلانغۇچ مەكتىپى 99غا يەتتى. ئۇ يەنە مۇنداق دەپ قارىدى: «شەرقىي قىسىم رايونلار بىلەن غەربىي قىسىم رايونلارنىڭ ھەمكارلىشىشى، يالغۇز غەربىي قىسىم رايونلارنىڭ ئېھتىياجى بولۇپلا قالماستىن، ئوخشاشلا شەرقىي قىسىم رايونلارنىڭمۇ ئېھتىياجىدۇر. مەسىلەن، شاگخەينى ئالايلى، ئۇنىڭدا نۇرغۇن ئۈستۈنلۈك بار: ئادىمى كۆپ، تېخنىكا ئاساسى پۇختا. بىراق پايدىسىز جايلىرىمۇ خېلىلا روشەن: يېرى تار، پايدىلىنىشقا بولىدىغان بوشلۇق چەكلىك. شۇڭا، شاگخەي چەت ئەللەرگە قاراپ تەرەققىي قىلىشقا، ئۆز دائىرىسىدىن ھالقىپ چىقىشقا توغرا كېلىدۇ. «ئۆز دائىرىسىدىن ھالقىپ چىقىش» دېگەنلىك دۆلەت چېگرىسىدىن ھالقىپ چىقىش ۋە ئىچكى قۇرۇقلۇققا، ئوتتۇرا ۋە غەربىي قىسىم رايونلارغا يۈرۈش قىلىش دېگەنلىكتۇر. دېمەك، شەرقىي قىسىم رايوندىكىلەرنىڭ غەربىي قىسىم رايونلارغا بېرىشى نوقۇل ھالدىكى نامراتلارغا يار - يۆلەك بولۇش مەجبۇرىيىتىنى ئادا قىلىش بولۇپلا قالماستىن، يەنە ئۆز تەرەققىياتىنىڭمۇ ئېھتىياجى ئۈچۈندۇر.

ئەسىر ئالمىشىدىغان مۇشۇ پەيتتە، جۇڭخۇا مىللەتلىرى مىسلى كۆرۈلمىگەن تەرەققىيات پۇرسىتىگە دۇچ كەلدى. ئىككىدە تۈپ ئۆزگىرىش ياسىشىنى ئىشقا ئاشۇرۇشتا، شەرقىي قىسىم رايونلار بىلەن غەربىي قىسىم رايونلارنىڭ ھەمكارلىقى ئاساسىي يول ھېسابلىنىدۇ. شەرقىي قىسىمدىكى نۇرغۇن جايلار نۆۋەتتە كەسىپ قۇرۇلمىلىرىنى تەڭشەشتىن ئىبارەت ھالقىلىق مەزگىلگە دۇچ كەلدى، ئەگەر مۇشۇنداق پەيتتە، تەڭشەشنى ئوتتۇرا ۋە غەربىي قىسىم رايونلارنىڭ تەرەققىياتى بىلەن بىرلەشتۈرۈپ ئويلاشقاندا، ئىككىلا تەرەپكە، شۇنداقلا پۈتكۈل دۆلەتنىڭ تەرەققىياتىغا ناھايىتى پايدىلىق بولىدۇ. سىچۈەن ئۆلكىسى چېڭدۇ شەھىرىنىڭ باشلىقى، ۋەكىل ۋاڭ رۇڭشۈەن ئوتتۇرا ۋە غەربىي قىسىم رايونلارنىڭ ھەمكارلىقى ۋە ئىككىدە تۈپ ئۆزگىرىش ياساش مەسىلىسىگە مۇنداق قارىدى: «شەرقىي قىسىم رايونلار بىلەن ئوتتۇرا ۋە غەربىي قىسىم رايونلارنىڭ ھەمكارلىقى غەربىي قىسىم رايونلارنىڭ ئىككىدە تۈپ ئۆزگىرىش ياساش جەريانىنى تېزلىتىشنى ئىشقا ئاشۇرۇشقا پايدىلىق. يېقىنقى بىرنەچچە يىلدا، شەرقىي قىسىم رايونلارنىڭ بەزى كەسىپلىرى غەربىي قىسىم رايونلارغا يۆتكىلىپ، يېڭى مەھسۇلات، يېڭى باشقۇرۇش تەجرىبىسى ۋە بىرقەدەر ئىلغار بولغان بازار ئىگىلىكى ھەرىكەت مېخانىزمىنى ئېلىپ كېلىپ، غەربىي قىسىم رايونلارنىڭ ئىككىدە تۈپ ئۆزگىرىش ياساش جەريانىنى تېز ئىلگىرى سۈردى.

50 - يىللارنىڭ دەسلەپىدىلا، يولداش دېڭ شياۋپىڭ سەمىمىي ۋە چوڭقۇر مەنىلىك قىلىپ: مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيىنى يولغا قويۇشتا، ئىقتىسادىي قۇرۇلۇش ياخشى ئېلىپ بېرىلمىسا، ئاپتونومىيە قۇرۇق نەرسىگە ئايلىنىپ قالىدۇ، دەپ كۆرسەتكەنىدى. مۇخبىر زىيارەت جەريانىدا ئاز سانلىق مىللەتلەر رايونلىرىدىن كەلگەن نۇرغۇن ۋەكىللەرنىڭ بۇ ھەقتىكى تەسىراتىنىڭ ناھايىتى چوڭقۇر ئىكەنلىكىنى ھېس قىلدى. تەرەققىياتلا چىڭ قائىدە، ئىقتىساد راۋاجلانسا، خەلقنىڭ تۇرمۇش سەۋىيىسى يۇقىرى كۆتۈرۈلسە، سوتسىيالىزمنىڭ ئەۋزەللىكى ئاندىن تولۇق گەۋدىلىنىدۇ، ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ ئەمەلىيەتتىكى باراۋەرلىكى تەبىئىي ھالدا ھەقىقىي ئىشقا ئاشىدۇ، مىللەتلەرنىڭ بۈيۈك ئىتتىپاقلىقىدىن ئىبارەت چوڭ ۋەزىيەت تېخىمۇ مۇستەھكەملىنىدۇ.

**مۇقىملىق ھەر مىللەت خەلقىنىڭ يۈرەك ساداسى**

1996 - يىلى 9 - بەش يىللىق پىلان يولغا قويۇلغان تۇنجى يىل بولۇپ، دۆلىتىمىزنىڭ ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش ۋە سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى ئىشلىرىدا پۈتۈن دۇنيا كۆز تىككۈدەك نەتىجىلەر قولغا كەلتۈرۈلۈپ، ئەسىر ھالقىيدىغان ئۇلۇغۋار پىلاننى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن ياخشى باشلىنىش ھاسىل قىلىندى. مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى بۇخ بۇ نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈرۈشتىكى سەۋەبلەرنى تەھلىل قىلغاندا مۇنداق دەپ كۆرسەتتى: «ئەمەلىيەت شۇنى قايتا ئىسپاتلىدىكى، مۇقىملىق ھەممىنى بېسىپ چۈشىدۇ،

شۇنداقلا ئۇ ئىسلاھات ۋە تەرەققىيات ئىشلىرىنىڭ ئالدىنقى ۋە تۈپ شەرتى، خۇددى باش شۇجى جياڭ زېمىن كۆرسەتكەنكە ئوخشاش، مۇقىم سىياسىي ۋە ئىجتىمائىي مۇھىت بولمىسا، بارلىق ئىشلىرىمىزنىڭ ۋۇجۇدقا چىقىشىدىن سۆز ئاچقىلى بولمايدۇ، ھەرقانداق ياخشى پىلان ۋە لايىھەلەرنىڭ ئىشقا ئېشىشى تەسكە توختايدۇ، مۇقىملىق بولمايدىكەن، 9 ـ بەش يىللىق پىلانىنىڭ باشلىنىشىدىكى ياخشى ۋەزىيەت ۋە يېڭى نەتىجىلەر ھەرگىز بولمايتتى.»

خۇ جىنتاۋ شىزاڭ ۋەكىللەر ئۆمىكىدىكىلەرنىڭ گۇرۇپپا مۇزاكىرىسىگە قاتناشقاندا تەكىتلەپ مۇنداق دېدى: ئىجتىمائىي مۇقىملىققا يۈكسەك دەرىجىدە ئەھمىيەت بېرىشىمىز ۋە ئۇنى ئۈنۈملۈك تۈردە قوغدىشىمىز كېرەك. شىزاڭنىڭ مۇقىملىقىنى قوغداش يالغۇز شىزاڭ ئاپتونوم رايونىنىڭ خىزمىتىدىكى چوڭ ۋەزىيەتكە ئالاقىدار ئىش بولۇپلا قالماستىن يەنە دۆلەتنىڭ بىخەتەرلىكى ۋە زامانىۋىلاشتۇرۇش خىزمىتىدىكى ئومۇمىي ۋەزىيەتكە ئالاقىدار ئىشتۇر. مىللىي بۆلگۈنچىلىككە بايرىقىمىز روشەن ھالدا قەتئىي، كۈچلۈك قارشى تۇرۇپ، ۋەتەنىنىڭ بىرلىكى ۋە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى قەتئىي قوغدىشىمىز كېرەك. خەلق ئىچىدىكى زىددىيەتنى توغرا تونۇپ ۋە توغرا بىر تەرەپ قىلىپ، مۇقىمسىزلىق پەيدا قىلىش ئېھتىمالى بولغان ئامىللارنى دەل ۋاقتىدا تۈگىتىپ ۋە چىقىرىپ تاشلىشىمىز كېرەك.»

مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى مىللەتلەر كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى، ئىچكى موڭغۇل ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ دائىمىي ئىشلارغا مەسئۇل مۇدىرى يۈشىگلۇڭ (موڭغۇل) مۇنداق دەپ ھېسابلىدى: «ئىسلاھات ــ ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچ، تەرەققىيات ــ نىشان، مۇقىملىق ــ ئالدىنقى شەرت ۋە ئاساس. بايلىق مەنبەسى كەڭ ئاز سانلىق مىللەتلەر رايونلىرىنىڭ ئوبيېكتىپ جەھەتتىكى ئۈستۈنلۈكى ھېسابلىنىدۇ. مۇقىملىق بولمايدىكەن، تەبىئىي بايلىق خەلقنىڭ دارامىتىگە ئايلىنالمايدۇ. مۇقىملىق بولغاندىلا، تەبىئىي بايلىق ئېچىش ئارقىلىق خەلقنىڭ ئىلكىدىكى بايلىققا ئايلىنالايدۇ.»

ۋەكىللەر مۇنداق دەپ ھېسابلاشتى: مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى ۋە مۇقىم ئومۇمىيلىقنى قوغداشتا، «ئىككى قولدا تۇتۇش، ئىككىلا قول قاتتىق بولۇش»، بولۇپمۇ مەنىۋى مەدەنىيەتتىن ئىبارەت بۇ قول تېخىمۇ قاتتىق بولۇش زۆرۈر. مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى ئىككى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنىڭ ماس قەدەمدە تەرەققىي قىلىشىدىن ئايرىلالمايدۇ، بۇ ئاز سانلىق مىللەتلەر رايونلىرى ئۈچۈن تېخىمۇ مۇھىم ۋە جىددىي مەسىلە ھېسابلىنىدۇ. ماركسىزملىق مىللەت قارىشى، دىن قارىشى ھەققىدىكى تەربىيىنى بوشاشماي دائىم چىڭ تۇتۇش، بولۇپمۇ بالىلار تەربىيىسىدىن باشلاپ چىڭ تۇتۇش كېرەك.

مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى بۇخ تەكىتلەپ يەنە مۇنداق دەپ كۆرسەتتى: «پۈتۈن مەملىكەتتىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ بۈيۈك ئىتتىپاقلىقىنى قىلچە تەۋرەنمەي تېخىمۇ مۇستەھكەملەپ، مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە تۈزۈمىدە چىڭ تۇرۇپ، ۋەتەننى پارچىلايدىغان ۋە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىغا بۇزغۇنچىلىق قىلىدىغان بارلىق سۆز ـ ھەرىكەتلەرگە قەتئىي قارشى تۇرۇشىمىز كېرەك. ئىجتىمائىي ـ سىياسىي جەھەتتىكى مۇقىملىق بولمىسا، ئاز سانلىق مىللەتلەر رايونلىرىنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتىمۇ بولمايدۇ. مۇقىملىق ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئورتاق يۈرەك ساداسىدۇر.»

دۆلىتىمىز بىرلىككە كەلگەن كۆپ مىللەتلىك دۆلەت. ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ ئورتاق باي ـ قۇدرەتلىك بولۇشىنى ۋە ئورتاق گۈللىنىشىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ــ دۆلىتىمىز سوتسىيالىستىك تۈزۈمىنىڭ ماھىيەتلىك تەلىپى. سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇشنىڭ ئىشقا ئېشىشى ئاز سانلىق مىللەتلەر رايونلىرىنىڭ تەرەققىياتىدىن ئايرىلالمايدۇ، ئاز سانلىق مىللەتلەر رايونلىرىنىڭ تەرەققىياتىمۇ دۆلەت ۋە تەرەققىي تاپقان رايونلارنىڭ ياردىمىدىن ئايرىلالمايدۇ.

شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ رەئىسى ئابلەت ئابدۇرېشىت ئاپتونوم رايون قۇرۇلغان 40 يىلدىن كۆپرەك ۋاقىتتىن بۇيانقى بېسىپ ئۆتكەن مۇساپىسىنى ئەسلىگىنىدە چوڭقۇر تەسىرلەنگەن ھالدا مۇنداق دېدى: «چېگرا بويلىرىدىكى بىز ئاز سانلىق مىللەتلەر رايونلىرىدا ئالەمشۇمۇل ئۆزگىرىشلەر بارلىققا كەلدى، تۈرلۈك ئىشلىرىمىز ناھايىتى زور تەرەققىياتلارغا ئېرىشتى، بولۇپمۇ ئاز سانلىق مىللەتلەر رايونلىرى ئۈچۈن زور تۈركۈمدىكى كەسپىي تېخنىكا خادىملىرى ۋە قۇدرەتلىك كادىرلار قوشۇنى

يېتىشتۈرۈپ بېرىلدى. بىز بۇ بىرنەچچە يىلدا ئىقتىسادىي ۋە ئىجتىمائىي ئىشلىرىمىزدا زور تەرەققىياتلارغا ئېرىشتۇق، بۇنىڭدىكى ئەڭ ئاساسىي سەۋەب مىللەتلەر ئىتتىپاق، جەمئىيەت مۇقىم بولغان سىياسىي مۇھىتنىڭ بولغانلىقىدىن بولدى. بىز بىر قولىمىزدا ئىتتىپاقلىقنى، يەنە بىر قولىمىزدا مۇقىملىقنى تۇتۇپ، كەڭ ئاممىنىڭ ئاكتىپلىقىنى قوزغاپ، ناھايىتى ئاز ساندىكى بۆلگۈنچى ئۇنسۇرلارنى يېتىم قالدۇرۇپ، مىللىي بۆلگۈنچى ئۇنسۇرلار بىلەن قەتئىي كۈرەش قىلىشىمىز كېرەك.»

خاسىيەتلىك باھاردا بۇ قېتىمقى خاسىيەتلىك يىغىن ئاخىرلاشتى. ئۇنىڭ ئەھمىيىتى ئېخىمۇ چوڭقۇر بولغۇسى. ئىتتىپاقلىق بولغاندىلا مۇقىملىق بولىدۇ؛ مۇقىملىق بولغاندىلا تەرەققىياتنى تېزلەتكىلى بولىدۇ؛ تەرەققىياتنى تېزلەتكەندىلا ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ ئورتاق گۈللىنىشىنى ئىشقا ئاشۇرغىلى بولىدۇ.

بۈگۈن پۈتۈن مەملىكەتتىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ تارىخنىڭ نەچچە ئون يىللىق بوران - چاپقۇنىدا ھاسىل قىلغان ئورتاق تونۇشى.

بىز شۇنىڭغا ئىشىنىشكە ھەقلىقمىزكى، جۇمھۇرىيىتىمىز مىللەتلەرنىڭ بۈيۈك ئىتتىپاقلىقىنى مۇستەھكەملەش ۋە ئۇنى راۋاجلاندۇرۇشتا ئەۋزەل شارائىتقا ئىگە: پارتىيىنىڭ ئاساسىي لۇشيەنى، يولداش دېڭ شياۋپىڭنىڭ جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش نەزەرىيىسى — ھەر مىللەت خەلقىنى بىرلىككە كەلتۈرۈشنىڭ ئىدىيىۋى ئاساسى؛ 9 - بەش يىللىق پىلان ۋە 2010 - يىلغىچە بولغان كەلگۈسى نىشان پروگراممىسى — ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئورتاق كۈرەش نىشانى؛ سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ تۈپ مەنپەئىتىنى كەۋدىلەندۈردى. مۇشۇلارنى شەرت قىلغان ئاساستا، ھەر مىللەت خەلقى يولداش جياڭ زېمىن يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ ئەتراپىغا زىچ ئۇيۇشۇپ، ھەمنەپەس، قەلبداش، تەقدىرداش، بىرنىيەت - بىر مەقسەتتە بولسىلا، ھەرقانداق قىيىنچىلىقنى يەڭگىلى بولىدۇ. مۇشۇلارنى شەرت قىلغان ئاساستا، مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە تۈزۈمىدە چىڭ تۇرۇپ ۋە ئۇنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە سىياسىتىنى ھەقىقىي ئەمەلىيلەشتۈرسەك، بۈيۈك ئىتتىپاقلىق، چوڭ مۇقىملىق، زور تەرەققىيات، چوڭ گۈللىنىشتىن ئىبارەت ۋەزىيەتنى چوقۇم يارىتالايمىز.

(خەمىت نىغمەت تەرجىمە قىلدى)

## شياڭگاڭ ئىقتىسادىنىڭ دۇنيادىكى رەت تەرتىپى

△ ئۇدا ئۈچ يىل دۇنيادىكى ئىقتىسادىي جەھەتتە ئەڭ ئەركىن رايون بولۇپ باھالانغان.

△ دۇنيا بويىچە توپ قاچىلاش ساندۇقى ئەڭ كۆپ كىرگۈزۈلىدىغان - چىقىرىلىدىغان پورت.

△ يەر شارى بويىچە قول سائىتى ئەڭ كۆپ ئېكسپورت قىلىنىدىغان جاي.

△ ئويۇنچۇقنىڭ ئومۇمىي ئېكسپورت مىقدارى يەر شارى بويىچە ئەڭ ئالدىنقى قاتاردا تۇرىدۇ.

△ ئايرودرومنىڭ خەلقئارادىكى مال توشۇش مىقدارى يەر شارى بويىچە 2 - ئورۇندا تۇرىدۇ.

△ كىيىم - كېچەك ئومۇمىي ئېكسپورتى جۇڭگونىڭ ئىچكى جايلىرىدىن قالسىلا، يەر شارى بويىچە 2 - ئورۇندا تۇرىدۇ.

△ يەر شارى بويىچە ئەڭ رىقابەت كۈچىگە ئىگە 3 - شەھەر دېگەن شۆھرىتى بار.

△ ئايرودرومنىڭ يولۇچى توشۇش مىقدارى دۇنيا بويىچە 3 - ئورۇندا تۇرىدۇ.

△ يەر شارى بويىچە سىرتقا يۈزلىنىپ بىۋاستە سالىدىغان مەبلەغنىڭ 4 - چوڭ مەنبەسى.

△ يەر شارى بويىچە 4 - چوڭ ئالتۇن سودىسى بازىرى.

△ يەر شارى بويىچە 4 - چوڭ قىممەتلىك ئۈنچە - مەرۋايىت ئېكسپورت قىلىنىدىغان جاي.

△ يەر شارى بويىچە 4 - چوڭ مەتبەئە مەركىزى.

(«شىنجاڭ گېزىتى» دىن قىسقارتىپ ئېلىندى)

# ھاكىمىيەتنىڭ چوڭ ئىشلىرىغا قاتنىشىپ ۋە ھاكىمىيەتنىڭ چوڭ ئىشلىرىنى مۇھاكىمە قىلىپ، ئەمەلىي ئىشلەپ، ھەقىقىي ئۈنۈم ھاسىل قىلىشقا تىرىشايلى

**ـــ بىر قىسىم ئۆلكىلىك، ئاپتونوم رايونلۇق سىياسىي مەسلىھەت كېڭەشلىرىنىڭ رەئىسلىرى ھاكىمىيەت ئىشلىرىغا قاتنىشىش ۋە ھاكىمىيەت ئىشلىرىنى مۇھاكىمە قىلىش ھەققىدە توختىلىشتى**

● ژۇرنىلىمىز مۇخبىرى **شياۋرەن** ●

سىياسىي ئىشلاردا كېڭىشىش، دېموكراتىك نازارەت قىلىش سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشى خىزمىتىنىڭ ئاساسلىق فۇنكسىيىسى ھېسابلىنىدۇ. بۇلتۇردىن بۇيان، سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشى ئەزالىرى «پۇرسەتنى چىڭ تۇتۇش، ئىسلاھاتنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش، ئىشىكنى ئېچىۋېتىش دائىرىسىنى كېڭەيتىش، تەرەققىياتنى ئىلگىرى سۈرۈش، مۇقىملىقنى قوغداش»تىن ئىبارەت ئومۇملۇقنى ئاساس قىلىپ، 9 ـ بەش يىللىق پىلان ۋە 2010 ـ يىلغىچە بولغان كەلگۈسى نىشان پروگراممىسىنىڭ بېكىتىلىشى ۋە يولغا قويۇلۇشىنى يېقىندىن چۆرىدەپ، بىرمۇنچە تەكشۈرۈش ۋە تەتقىقات خىزمىتى ئېلىپ بارغان، تەكلىپ كومىتېتى 2498 پارچە تەكلىپ تاپشۇرۇۋالغان، بۇنىڭ ئىچىدە تەكلىپ كومىتېتى قاراپ چىقىپ روېخەتكە ئالغىنى 2380 پارچە بولۇپ، ئومۇمىي تەكلىپلەرنىڭ %95.3 تىنى ئىگىلىگەن. 1997 ـ يىل 2 ـ ئاينىڭ 14 ـ كۈنىگىچە قەدەر بېجىرىلىپ جاۋاب قايتۇرۇلغان تەكلىپلەر 2334 پارچە بولۇپ، %98.1 نى ئىگىلىگەن. ھەل قىلىنغان ۋە ھەل قىلىنىش پىلانىغا كىرگۈزۈلگەن تەكلىپلەر 1937 پارچە بولۇپ، %83 نى ئىگىلىگەن، بۇ تەكلىپلەرنىڭ نۇرغۇنلىرىنى ئاز سانلىق مىللەتلەر رايونلىرىدىن كەلگەن ئەزالار ئوتتۇرىغا قويغان ھەم ئەمەلىيلىشىشكە تۈرتكە بولغان. ئاز سانلىق مىللەتلەر رايونلىرىدىكى سىياسىي مەسلىھەت كېڭەشلىرىنىڭ ھاكىمىيەت ئىشلىرىغا قاتنىشىش ۋە ھاكىمىيەت ئىشلىرىنى مۇھاكىمە قىلىش ئەھۋالىنى تېخىمۇ ئوبدانراق چۈشىنىش ئۈچۈن، يىغىن مەزگىلىدە بىز بەش ئاپتونوم رايون شۇنىڭدەك گۈيجۇ، چىڭخەي ئۆلكىلىك سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشىنىڭ ئاساسلىق رەھبەرلىرىنى زىيارەت قىلدۇق.

**ئىچكى موڭغۇل ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشىنىڭ خىزمەتلىرىدىن مەمنۇن بولغان**

ئىچكى موڭغۇل ئاپتونوم رايونلۇق سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشىنىڭ رەئىسى چيەن فېنيۇڭ: ئىچكى موڭغۇل ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشىنىڭ خىزمەتلىرىگە مەمنۇن ئىكەنلىكىنى كۆپ قېتىم بىلدۈردى، دېدى.

مەملىكەتلىك سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشىنىڭ تۈرتكىسى بىلەن، يېقىنقى بىر نەچچە يىلدا ئاپتونوم رايونلۇق سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشىنىڭ ھاكىمىيەت ئىشلىرىغا قاتنىشىشى ۋە ھاكىمىيەت ئىشلىرىنى مۇھاكىمە قىلىشى تېخىمۇ جانلانغان. سىياسىي كېڭەش ئەزالىرى ئوتتۇرىغا قويغان كۆپلىگەن تەكلىپلەر قوبۇل قىلىنغان. 1996 ـ يىلى، شەھەر خىزمىتىدە، سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشىنىڭ ئالتە مۇئاۋىن رەئىسى، بىر قىسىم دائىمىي ئەزالىرى ۋە ئەزالىرى زاۋۇت ـ كان، كارخانىلارغا

چوڭقۇر چۈكۈپ تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىپ، قانداق قىلغاندا ئومۇم مۇلۇكچىلىكىدىكى كارخانىلارنىڭ ئۈنۈمىنى ئۆستۈرگىلى ۋە باشقۇرۇشنى كۈچەيتكىلى بولىدۇ دېگەن مەسىلە توغرىسىدا بىرقاتار تەكلىپلەرنى ئوتتۇرىغا قويغان، بۇ تەكلىپلەر بۇ يىل ئاپتونوم رايون بېكىتكەن پىلانغا كىرگۈزۈلگەن.

يېزا خىزمىتى جەھەتتە، سىياسىي مەسلىھەت كېڭەشدىكىلەر تەكشۈرۈش ئارقىلىق، خۇاڭخې دەرياسىنىڭ ئىككى قىرغىقىدىكى تېرىلغۇ يەرلەرنى ئېچىش ھەققىدە تەكلىپ بەرگەن. نۆۋەتتە ئاپتونوم رايونلۇق ھۆكۈمەت مەزكۇر تۈر ھەققىدىكى پىلاننى يولغا قويۇۋېتىپتۇ. ھۆكۈمەت يەنە سىياسىي مەسلىھەت كېڭەشنىڭ چارۋىچىلىق جەھەتتىكى نۇرغۇن تەكلىپلىرىنى يېڭى خىزمەت ئورۇنلاشتۇرۇشىغا كىرگۈزگەن.

چيەن فېنيۇڭ خۇلاسىلەپ مۇنداق دېدى: سىياسىي مەسلىھەت كېڭەشنىڭ ھاكىمىيەت ئىشلىرىغا قاتنىشىش ۋە ھاكىمىيەت ئىشلىرىنى مۇھاكىمە قىلىش جەھەتتە بۇنداق نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈرەلىشىدىكى ئاساسلىق سەۋەب دەل يولداش دېڭ شياۋپىڭنىڭ جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش نەزەرىيىسى ۋە خەلق سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشى نەزەرىيىسى توغرىسىدىكى يېتەكچىلىكىنىڭ بولغانلىقىدا.

**شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشى: خىزمەتنىڭ مەركىزىي نۇقتىسىنى، مۇھىم نۇقتىسىنى ۋە پۇت تىرەپ تۇرۇش نۇقتىسىنى توغرا تاللىدى**

شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشىنىڭ رەئىسى جانابىل مۇنۇلارنى دېدى: يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، شىنجاڭنىڭ سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشى خىزمەتلىرى ئاساسلىقى مۇنداق ئۈچ نۇقتىنى چۆرىدەپ ئېلىپ بېرىلىشتا ئىپادىلەندى:

**1. مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىدىن ئىبارەت ئومۇملۇقنى چۆرىدىگەن ھالدا ئەقىل كۆرسىتىپ، سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشى خىزمىتىنىڭ مەركىزىي نۇقتىسىنى توغرا تاللىدى**

شىنجاڭ كۆپ مىللەت توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان رايون بولۇپ، ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ بۈيۈك ئىتتىپاقلىقىنى كۈچەيتىش باشتىن - ئاخىر شىنجاڭنىڭ تۈرلۈك ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتىدىكى مۇھىم ئاساس ۋە شىنجاڭنىڭ ئىجتىمائىي مۇقىملىقىدىكى ئومۇملۇق ھېسابلىنىدۇ. شۇڭا، بىز سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشى خىزمىتىدە مەركىزىي نۇقتىنى توغرا تاللاشقا دىققەت قىلىپ، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىدىن ئىبارەت ئومۇملۇقنى يېقىندىن چۆرىدەپ، فۇنكسىيىمىزنى ئەستايىدىل جارى قىلدۇرۇپ، خىزمەتلەرنى پائال قانات يايدۇرۇپ، «ئىككى ئايرىلالماسلىق» ئىدىيىسىنى كىشىلەر قەلبىدىن تېخىمۇ چوڭقۇر ئورۇن ئالغۇزۇشقا كۈچ چىقاردۇق. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشى تەكشۈرۈش، كۆزدىن كۆچۈرۈش، زىيارەت قىلىش، سۆھبەت ئۆتكۈزۈش، مەسلىھەت بېرىش مۇلازىمىتى، ئاخبارات ئېلان قىلىش يىغىنى، مۇھاكىمە يىغىنى قاتارلىق كۆپ خىل شەكىللەر ئارقىلىق، ئەزالارنى تەشكىللەپ ئاساسىي قاتلاملارغا چوڭقۇر چۆكۈپ، پارتىيىنىڭ مىللىي سىياسىتى، دىن سىياسىتىنىڭ ئىزچىللىشىش ۋە ئەمەلىيلىشىش ئەھۋالى توغرىسىدا تەكشۈرۈش ۋە تەتقىقات ئېلىپ بېرىپ، يېڭى ۋەزىيەتتىكى ئاز سانلىق مىللەتلەر خىزمىتى ۋە دىنىي خىزمەتتە كۆرۈلگەن يېڭى ئەھۋال، يېڭى مەسىلىلەرنى ۋە ئاز سانلىق مىللەتلەر خىزمىتىنى، دىنىي خىزمەتنى ياخشى ئىشلەش توغرىسىدىكى يېڭى ئوي - پىكىرلەرنى تەھلىل ۋە مۇھاكىمە قىلىپ، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىغا ۋە ئۇنى كۈچەيتىشكە پايدىلىق پىكىر ۋە تەكلىپلەرنى ئوتتۇرىغا قويدۇق.

**2. مىللىي بۆلگۈنچىلىككە قارشى تۇرۇپ، ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى قوغداشتىن ئىبارەت ئەڭ مۇھىم ۋەزىپىنى چۆرىدىگەن ھالدا يارىدەملىشىپ كۈچ چىقىرىپ، سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشى خىزمىتىنىڭ مۇھىم نۇقتىسىنى چىڭ تۇتتى**

سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشى خىزمىتىنىڭ مۇھىم نۇقتىسىنى مىللىي بۆلگۈنچىلىككە قارشى تۇرۇپ، ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى قوغداشقا قارىتىپ، سىياسىي كېڭەشنىڭ ۋەتەنپەرۋەرلىك بىرلىكسەپ تەشكىلاتى ئىكەنلىكىدىن ئىبارەت بىر پۈتۈن ئۈستۈنلۈكىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇپ، كۈچ چىقىرىپ، ئەمەلىي ئىشلارنى كۆپ ئىشلەپ، مىللىي بۆلگۈنچىلىككە قارشى تۇرۇپ، ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى قوغداش كۈرىشىدە باشقىلار ئورنىنى باسالمايدىغان رولىنى جارى قىلدۇردى. مەركەزنىڭ شىنجاڭنىڭ مۇقىملىقىنى قوغداش توغرىسىدىكى يوليورۇقىنى ياخشى ئىزچىللاشتۇرۇش ۋە ئەمەلىيلەشتۈرۈش ئۈچۈن، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ بىر تۇتاش ئورۇنلاشتۇرۇشىغا ئاساسەن، ئاپتونوم رايونلۇق سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشى ئىلگىرى-ئاخىر بولۇپ سەككىز تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسى تەشكىللەپ، 11 ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەر ۋە ئىشلەپچىقىرىش - قۇرۇلۇش بىڭتۈەندە تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىپ، قانداق قىلغاندا شىنجاڭنىڭ مۇقىملىقىنى قوغدىغىلى بولىدۇ؟ دېگەن مەسىلە ھەققىدە 70 نەچچە تۈرلۈك پىكىر ۋە تەكلىپنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم ۋە خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ تەدبىر بەلگىلىشى ئۈچۈن مۇھىم ئاساس يەتكۈزۈپ بەردى.

**3. ئىسلاھات، تەرەققىيات جەريانىدىكى مۇھىم، قىيىن، قىزىق نۇقتىلىق مەسىلىلەرنى چۆرىدىگەن ھالدا ھاكىمىيەت ئىشلىرىغا قاتنىشىپ ۋە ھاكىمىيەت ئىشلىرىنى مۇھاكىمە قىلىپ، سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشى خىزمىتىنىڭ يۆت تىرەپ تۇرۇش نۇقتىسىنى ئىگىللىدى**

ئاپتونوم رايونلۇق سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشى تۆۋەندە خەلقنىڭ ئەھۋالىنى بىلەلەيدىغان، يۇقىرىدا پارتىيە - ھۆكۈمەتنىڭ رەھبەرلىكىنى ۋە مەركەزنىڭ يوليورۇقلىرىنى ئېنىق چۈشىنەلەيدىغان ئۈستۈنلۈكىنى جارى قىلدۇرۇپ، ئىجتىمائىي مۇقىملىقنى قوغداشقا، ئاپتونوم رايوننىڭ ئىسلاھات ئىشلىرىنىڭ چوڭقۇرلىشىشىغا ۋە خەلق ئىگىلىكى بىلەن جەمئىيەتنىڭ ئومۇمىيۈزلۈك تەرەققىي قىلىشىغا ھەققىي تۈردە كاپالەتلىك قىلىشنى سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشى خىزمىتىنىڭ يۆت تىرەپ تۇرۇش نۇقتىسى قىلىپ، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم ۋە خەلق ھۆكۈمىتىگە تەشەببۇسكارلىق بىلەن ھەمكارلىشىپ، ئىتتىپاقلىق ۋە مۇقىملىق خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەپ، ئىجتىمائىي مۇقىمسىزلىق ئامىللىرىنى تۈگىتىپ، ئاپتونوم رايوننىڭ مۇقىم، ئىتتىپاق بولغان سىياسىي ۋەزىيىتىنى مۇستەھكەملىدى ۋە تەرەققىي قىلدۇردى. مەسىلەن، دۆلەت ئىگىلىكىدىكى كارخانىلار ئىسلاھاتى، ئالاھىدە قىيىنچىلىقى بار كارخانىلارنىڭ قىيىنچىلىقىنى ھەل قىلىش قاتارلىق مەسىلىلەر توغرىسىدا چوڭقۇر تەكشۈرۈش ۋە تەتقىقات ئېلىپ بېرىپ، قاراتمىلىقى بولغان پىكىر ۋە تەكلىپلەرنى ئوتتۇرىغا قويدى.

سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشى يەنە ئاپتونوم رايوننىڭ 9 - بەش يىللىق پىلانى ۋە 2010-يىلىغىچە بولغان كەلگۈسى نىشان پروگراممىسىنىڭ بېكىتىلىشى ۋە يولغا قويۇلۇشىنى يېقىندىن چۆرىدەپ، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىگە «ئاپتونوم رايونىمىزدىكى يېزا ئىگىلىك ۋە چارۋىچىلىق مەھسۇلاتلىرىنىڭ بازار مەسىلىسى توغرىسىدا تەكلىپ لايىھە»، «يەكەن دەرياسى ۋادىسىدىكى سۇ - تۇپراق مەنبەسىدىن مۇۋاپىق پايدىلىنىش ۋە سۇ بايلىقىنى باشقۇرۇش توغرىسىدا تەكلىپ» شۇنىڭدەك چېگرا سودىسىنى راۋاجلاندۇرۇش،

پەن- تېخنىكا مۇۋەپپەقىيەتلىرىنى مەھسۇلاتقا ئايلاندۇرۇش، سۇ - تۇپراق بايلىقىنى ئېچىش، مائارىپ، مەدەنىيەت، تەنتەربىيە ئىشلىرىنى راۋاجلاندۇرۇش قاتارلىق جەھەتلەردە بىرقاتار پىكىر ۋە تەكلىپلەرنى سۇنۇپ، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى ۋە ئالاقىدار تارماقلارنىڭ زور دەرىجىدە ئەھمىيەت بېرىشى ۋە قوبۇل قىلىشىغا مۇۋەپپەق بولدى.

خەلق ئاممىسى دىققەت قىلىۋاتقان قىزىق نۇقتىلىق مەسىلىلەرگە نىسبەتەن، سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشى پارتىيىنىڭ ئاممىۋى لۇشيەنىنى ئەستايىدىل ئىزچىللاشتۇرۇپ ۋە ئىجرا قىلىپ، خەلق ھىمايە قىلامدۇ - قىلمامدۇ؟ قوللامدۇ - قوللىمامدۇ؟ خۇشال بولامدۇ - بولمامدۇ؟ ماقۇل كۆرەمدۇ - كۆرمەمدۇ؟ دېگەنلەرنى خەلق سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشىنىڭ ئىشلارنى ئويلاش، خىزمەتلەرنى ئېلىپ بېرىشنى ئۆلچەيدىغان مۇھىم مىزان قىلدى.

**نىڭشىيا خۇيزۇ ئاپتونوم رايونلۇق سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشى قىلغان زور بىر ئىش: «خۇاڭخې دەرياسىنىڭ سۈيىنى چىقىرىش قۇرۇلۇشى»**

نىڭشىيا خۇيزۇ ئاپتونوم رايونلۇق سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشىنىڭ رەئىسى ليۇگوفەن مۇخبىرغا مۇنۇلارنى دېدى: يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، نىڭشىيا خۇيزۇ ئاپتونوم رايونلۇق سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشى قىلغان زور بىر ئىش خۇاڭخې دەرياسىنىڭ سۈيىنى چىقىرىش ئارقىلىق نامراتلارغا يار - يۆلەك بولىدىغان يەر سۇغىرىش قۇرۇلۇش لايىھىسىنى ئوتتۇرىغا قويغانلىقى بولدى.

1994 - يىل 9 - ئايدا، مەملىكەتلىك سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى چيەن جېڭيىڭ يېزا ئىگىلىك سۇ ئىشلىرى مۇتەخەسسىسلىرى گۇرۇپپىسىنى تەشكىللەپ نىڭشىيا خۇيزۇ ئاپتونوم رايونىغا تەكشۈرۈشكە بارغاندا، نىڭشىيا خۇيزۇ ئاپتونوم رايونلۇق سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشى خۇاڭخې دەرياسىنىڭ سۈيىنى چىقىرىش قۇرۇلۇشىنى يولغا قويۇش تەسەۋۋۇرىنى ئوتتۇرىغا قويغانىدى، كېيىن ئۇلار ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى بىلەن بىللە تەتقىقات ئېلىپ بېرىپ، بۇ قۇرۇلۇشنىڭ لايىھىسىنى رەسمىي تۈردە شەكىللەندۈرگەنىدى.

جياڭ زېمىن، لى پېڭ، لى رۇيخۇەن قاتارلىق مەركەز رەھبەرلىرى بۇ قۇرۇلۇشقا ناھايىتى كۆڭۈل بۆلدى، 1994 - يىل 7 - ئاينىڭ 8 - كۈنىدىن 1995 - يىل 12 - ئاينىڭ 13- كۈنىگىچە بولغان بىر يىلدىن كۆپرەك ۋاقىت ئىچىدە گوۋۇيۈەن مەزكۇر تۈرنى رەسمىي تەستىقلىدى، 1996 - يىل 5 - ئايدا بۇنىڭغا ئۇل سېلىندى. بۇ قۇرۇلۇش ئارقىلىق 2 مىليون مو يەر سۇغىرىش پىلانلىنىپ، ئەسلىدە بېكىتىلگەن مەبلەغ 3 مىليارد يۈەن بولۇپ، 1 - قارارلىق قۇرۇلۇشتا 1 مىليون 300 مىڭ مو يەر سۇغىرىش پىلانلىنىپ 2 مىليارد 500 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىنىغان، بۇ نىڭشيانىڭ قۇرۇلۇش تارىخىدا كۆرۈلۈپ باقمىغان زور قۇرۇلۇش بولدى.

**شىزاڭ ئاپتونوم رايونلۇق سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشى: بۇدالا سارىيىنى رېمونت قىلىشنى دەسلەپتە بىز ئوتتۇرىغا قويغان**

شىزاڭ ئاپتونوم رايونلۇق سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى لامىن سۇلاڭلۇنجۇ مۇنداق دېدى: ھازىر سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشىنىڭ رولى ئىلگىرىكىگە قارىغاندا خېلىلا ئوخشىمايدىغان بولدى، ئوتتۇرىغا قويۇلغان نۇرغۇن تەكلىپلەرنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك قوبۇل قىلىندى، ھەم مەسىلىلەرمۇ ھەل قىلىندى. بۇدالا سارىيىنى رېمونت قىلىشنى ئاپتونوم رايونلۇق سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشى دەسلەپتە ئوتتۇرىغا قويغان. نامراتلارغا يار - يۆلەك بولۇش مەسىلىسى

ئىلگىرى ـ ئاخىر بولۇپ بىرنەچچە قېتىم ئوتتۇرىغا قويۇلۇپ ھەل قىلىندى. نۆۋەتتە، شىزاڭدا ئەڭ قىيىن بولۇۋاتقىنى ئېنېرگىيە مەنبەسى بولۇپ،ئېلېكتر ئىستانسىسى قۇرۇش مەسىلىسنى ئوتتۇرىغا قويغانىدۇق، بۇ پىكرنى بۇلتۇر ئوتتۇرىغا قويغان، بۇ يىل يەنە ئوتتۇرىغا قويدۇق.

**گۇاڭشى جۇاڭزۇ ئاپتونوم رايونلۇق سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشى: شياڭگاڭ بىلەن بولغان ئالاقىنى تۇتاشتۇرۇشتا مۇھىم رولنى جارى قىلدۇرغان**

گۇاڭشى جۇاڭزۇ ئاپتونوم رايونلۇق سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشى ئاپتونوم رايون بىلەن شياڭگاڭنىڭ ئالاقىسىنى تۇتاشتۇرۇش ۋە ئىقتىسادىي ھەمكارلىقنى كۈچەيتىش جەھەتتە ھەل قىلغۇچ رول ئوينىغان، سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشى يەنە ئۆزىنىڭ زور كۆپ قىسىم زېھنىي كۈچىنى مۇشۇ تەرەپكە قارىتىپ، پۇرسەتنى چىڭ تۇتۇپ، پۈتۈن ئاپتونوم رايوننىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرگەن. سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشى بۇلتۇر ئوتتۇرىغا قويغان دېھقانلارنىڭ يۈكىنى يېنىكلىتىش توغرىسىدىكى تەكلىپى ئۇلارنىڭ ھاكىمىيەت ئىشلىرىغا كونكرېت قاتنىشىش ۋە كونكرېت مۇھاكىمە قىلىش جەھەتتىكى مۇۋەپپەقىيەتلىك مىساللارنىڭ بىرى بولۇپ، بۇ مەملىكەتلىك سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشىگە ئىنكاس قىلىنىدىغان ۋە گوۋۇيۈەننىڭ دىققەت ـ ئېتىبارىنى قوزغىغان.

**گۇيجۇ ئۆلكىلىك سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشى: ھاكىمىيەت ئىشلىرىغا قاتنىشىش ۋە ھاكىمىيەت ئىشلىرىنى مۇھاكىمە قىلىش جەھەتتە قېلىپلاشتۇرۇشنى ئىشقا ئاشۇرغان**

گۇيجۇ ئۆلكىسى سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشى تۈزۈمنى قېلىپلاشتۇرۇش جەھەتتە خۇشاللىنارلىق نەتىجىلەرگە ئېرىشكەن.

ئۆلكىلىك سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشىنىڭ رەئىسى لۇڭ جىيې مۇنداق دېدى: «ھاكىمىيەتنىڭ چوڭ ئىشلىرىغا قاتنىشىپ ۋە ھاكىمىيەتنىڭ چوڭ ئىشلىرىنى مۇھاكىمە قىلىپ، ئەمەلىي ئىشلەپ، ھەقىقىي ئۈنۈم ھاسىل قىلىش»نى يېتەكچى ئىدىيە قىلىپ، كېڭىشىش ۋە دېموكراتىك نازارەت قىلىش جەھەتتە قېلىپلاشتۇرۇشنى شەكىللەندۈردى. مۇھىم ئىشلاردا پارتكوم ۋە ھۆكۈمەت سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشىنىڭ پىكرىنى ئالدى. مەسىلەن، 9 ـ بەش يىللىق پىلان ۋە 2010 ـ يىلغىچە بولغان كەلگۈسى پىلانىنى سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشى ئۈچ كۈن مۇزاكىرە قىلىپ، 100 تۈرلۈكتىن كۆپرەك پىكرنى ئوتتۇرىغا قويدى، بۇنىڭ خېلى زور قىسمى ئۆلكىلىك پارتكومنىڭ قوبۇل قىلىشىغا ئېرىشتى.

سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشىنىڭ ھاكىمىيەت ئىشلىرىغا قاتنىشىش ۋە ھاكىمىيەت ئىشلىرىنى مۇھاكىمە قىلىشىنىڭ يەنە بىر مەزمۇنى بولسا، ئۇلار ئۆلكىنىڭ چوڭ ئىشلىرىنى چۆرىدەپ تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىپ، ئۈچ يىلدا چوڭراق تەكلىپتىن بەشنى ئوتتۇرىغا قويدى. بۇنىڭ ئىچىدە نامراتلارغا يار ـ يۆلەك بولۇش ۋە غەيرىي ئومۇم مۇلۇكچىلىكىدىكى ئىگىلىكنىڭ تەرەققىياتىنى كۈچەيتىش تەكلىپىنى ئۆلكىلىك پارتكوم ئاساسىي جەھەتتىن قوبۇل قىلىپ، قارار سۈپىتىدە تۆۋەنگە تارقاتتى. مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى توغرىسىدىكى تەكلىپ لايىھىنى ھۆكۈمەت مۇزاكىرە قىلغاندىن كېيىن ئۇنىڭغا ئالاقىدار ئۇقتۇرۇش تارقاتتى ھەم بەش تۈرلۈك تەكلىپنى ئوتتۇرىغا قويدى. نەتىجىدە مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى ئېچىش ۋە قوغداش جەھەتتە ئاجرىتىلغان پۇل بۇ يىلنىڭ بېشىدىكى 1 مىليون 300 مىڭ يۈەندىن 2 مىليون 600 مىڭ يۈەنگە كۆپەيتىلدى.

(خەمىت نېغمەت تەرجىمە قىلدى)

# مىللەتلەر مۇناسىۋىتىنى قانۇن ۋاسىتىسى ئارقىلىق تەڭشەشنىڭ مۇھىم تەدبىرى

**— «مىللىي ئۆچمەنلىككە ۋە مىللىي كەمسىتىشكە قۇتراتقۇلۇق قىلىش جىنايىتى» توغرىسىدا پاراڭ**

● پايتەخت پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتىدىن: **چېن خۇاڭ** ●

8 - نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ 5 - يىغىنىدا ماقۇللانغان «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ جىنايى ئىشلار قانۇنى (تۈزىتىش كىرگۈزۈلگەن لايىھىسى)»غا قوشۇلغان ماددىلار ئىچىدە «مىللىي ئۆچمەنلىككە ۋە مىللىي كەمسىتىشكە قۇتراتقۇلۇق قىلىش جىنايىتى» ئۆتكۈزگەنلەرنى جازالاش توغرىسىدا بەلگىلىمە بار. بۇ، قانۇن ۋاسىتىسى ئارقىلىق مىللەتلەر مۇناسىۋىتىنى تەڭشەشتىكى مۇھىم تەدبىر بولۇپ، سوتسىيالىستىك مىللەتلەر مۇناسىۋىتىنى مۇستەھكەملەش ۋە راۋاجلاندۇرۇشتا، دۆلەتنىڭ مۇقىملىقى ۋە مىللەتلەرنىڭ بۈيۈك ئىتتىپاقلىقىنى قوغداشتا زور ئەھمىيەتكە ئىگە.

**1. بۇ جىنايەتنىڭ تەسىس قىلىنىشىنى جۇڭگونىڭ دۆلەت ئەھۋالى بەلگىلىگەن.** مىللەتلەرنىڭ كۆپ بولۇشى دۆلىتىمىزنىڭ ئاساسىي ئەھۋاللىرىدىن بىرىنى شەكىللەندۈرگەن. دۆلىتىمىز 56 مىللەتتىن تەركىب تاپقان چوڭ دۆلەت بولۇپ، مىللەتلەرنىڭ نوپۇس سانى، ئىجتىمائىي تەرەققىيات دەرىجىسى، تىل-يېزىقى، ئۆرپ-ئادەتلىرى ۋە دىنىي ئېتىقادى قاتارلىق جەھەتلەردە پەرق بار. بۇنداق پەرقنىڭ بولۇشى مىللەتلەرنىڭ ئۆزئارا ئۆگىنىشى، تەرەققىي قىلىشى ۋە ئالغا ئىلگىرىلىشىگە پايدىلىق بولسىمۇ، لېكىن مىللەتلەر ئوتتۇرىسىدا سۈركىلىش ۋە توقۇنۇشلارنى كەلتۈرۈپ چىقىرىشىمۇ مۇمكىن. شۇڭا، مىللەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنى ئوبدان ماسلاشتۇرۇپ، مۇقىم، ئىناق ھالەتنى ساقلاش ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ تەرەققىي قىلىشى، گۈللىنىشى ۋە دۆلەتنىڭ ئۇزاققىچە خاتىرجەم بولۇشىدا ئىنتايىن مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە. مىللەتلەرنىڭ مۇناسىۋىتى چىگىش ۋە مۇرەككەپ بولىدۇ، سىياسىي، ئىقتىسادىي، مەدەنىيەت قاتارلىق نۇرغۇن ساھەلەرگە ۋە ھەر مىللەت ئەزالىرىغا چېتىلىدۇ ھەمدە مەڭگۈ ھەرىكەتچان ھالەتتە تۇرۇپ، ئىجتىمائىي تۇرمۇش بىلەن ئۆزئارا تەسىر كۆرسىتىشىپ تۇرىدۇ، شۇڭا مۇئەييەن شارائىتتا جىنايەت ئۆتكۈزۈش ئەھۋاللىرىمۇ سادىر بولىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، مىللەتلەر مۇناسىۋىتىنى قانۇن ۋاسىتىسى ئارقىلىق، جۈملىدىن جىنايى ئىشلار قانۇنى ۋاسىتىسىنى مۇۋاپىق قوللىنىش ئارقىلىق تەڭشەش تامامەن زۆرۈر.

**2. بۇ جىنايەتنىڭ تەسىس قىلىنىشى دۆلەتنى قانۇن ئارقىلىق ئىدارە قىلىشنىڭ ئېھتىياجى.** ھازىرقى زامان جەمئىيىتىدە، قانۇن دۆلەتنى ئىدارە قىلىشنىڭ ئالدىنقى ياكى ئاساسىي ۋاسىتىسى بولۇپ قالدى. بىز باي-قۇدرەتلىك، دېموكراتىك، مەدەنىيەتلىك، زامانىۋىلاشقان دۆلەت قۇرۇش ئۈچۈن، سوتسىيالىستىك دېموكراتىيە ۋە قانۇنچىلىق قۇرۇلۇشىنى پائال ئىلگىرى سۈرمەكتىمىز. مىللەتلەر مۇناسىۋىتى دۆلىتىمىزدىكى ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتلەر ئىچىدە ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىككە ئىگە، ئۇنىڭ مۇرەككەپلىكى ۋە سەزگۈرلۈكىگە كۆپ ھاللاردا باشقا ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتلەر يېتەلمەيدۇ. بۇنداق ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتنى ئوبدان تەڭشەش ئۈچۈن ھەر خىل ۋاسىتىلەرنى قوللىنىشقا توغرا كېلىدۇ. بۇرۇنقى ئەمەلىيەت جەريانىدا، مىللەتلەر مۇناسىۋىتىنى تەڭشەشتە ئاساسلىقى سىياسەتكە تايىنىپ كېلىنگەنىدى، ئىسلاھات ئېلىپ بېرىلغان، ئىشىك ئېچىۋېتىلگەندىن بۇيان، سىياسەتكە تايىنىشتىن قانۇنچىلىققا تايىنىشقا قاراپ ئۆزگىرىش بولدى، 1984 - يىلى «مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنى»نىڭ ئېلان قىلىنىشى باشلىنىش نۇقتىسى قىلىنىپ، دۆلىتىمىزنىڭ مىللەتلەر مۇناسىۋىتىنى قانۇن ۋاسىتىسى ئارقىلىق تەڭشەش يېڭى مۇساپىسى باشلاندى. ھالبۇكى، بۇ قېتىمقى «مىللىي ئۆچمەنلىككە ۋە مىللىي كەمسىتىشكە قۇتراتقۇلۇق قىلىش جىنايىتى» دېگەن جىنايەتنىڭ بەلگىلىنىشى، شۈبھىسىزكى، يېڭى، مۇھىم بىر نامايەندە بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ئۇ مىللىي ئۆچمەنلىككە،

مىللىي كەمسىتىشكە قۇتراتقۇلۇق قىلغۇچىلارنى جازالاشتا ئاساسلىنىدىغان قانۇن بىلەن تەمىن ئەتتى، شۇنداقلا دۆلىتىمىزنىڭ مىللەتلەر مۇناسىۋىتىنى قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىشتىكى ئىرادىسى ۋە كۈچ -قۇدرىتىنى نامايان قىلدى.

**3. بۇ جىنايەتنىڭ تەسىس قىلىنىشى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئورتاق ئىرادىسى.** مىللەتنى گۈللەندۈرۈش ۋە زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنى مۇۋەپپەقىيەتكە ئىگە قىلىش ئۈچۈن، ياخشى مىللەتلەر مۇناسىۋىتىنى ساقلاش، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىغا زىيان سالىدىغان ھەرقانداق قىلمىشنى قەتئىي چەكلەش ۋە ئۇنىڭغا قارشى تۇرۇش شەرت. بۇ يەردىكى بۇنداق ئارزۇ ۋە ئورتاق تونۇش قايسىبىر مىللەتتىن ياكى بىرقانچە مىللەتتىن كەلگەن ئەمەس، بەلكى جۇڭگودىكى 56 مىللەتتىن كەلگەن. بۇ، قانۇننى تۈزۈش ۋە ئۇنىڭغا تۈزىتىش كىرگۈزۈشكە 56 مىللەتنىڭ ۋەكىلى بىرلىكتە قاتناشقانلىقى ئۈچۈنلا ئەمەس، تېخىمۇ مۇھىمى، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىغا بۇزغۇنچىلىق قىلىدىغان قىلمىشلارنى جىنايى ئىشلار قانۇنى ۋاستىسى ئارقىلىق جازالاشنىڭ چوڭقۇر ئاممىۋى ئاساسقا ئىگە ئىكەنلىكىدە، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئورتاق مەنپەئەتىگە ۋەكىللىك قىلغانلىقىدا بولۇپ، ئۇ شۇنىڭ ئۈچۈن ھەر مىللەت خەلق ئاممىسىنىڭ ئەڭ كەڭ دائىرىدىكى سەمىمىي ھىمايىسىگە ئېرىشتى. قانۇننىڭ بۇ ماددىسى مىللىي ھەققانىيەتكە قارىماي، دۆلەتنىڭ مەنپەئەتىنى بىر ياققا قايرىپ قويۇپ، مىللىي ئۆچمەنلىككە ۋە مىللىي كەمسىتىشكە قۇتراتقۇلۇق قىلىدىغان جىنايەتچىلەرگە قادالغان ئۆتكۈر شەمشەرگە ئوخشايدۇ.

**4. بۇ جىنايەتنى تەسىس قىلىشنىڭ «ئاساسىي قانۇن»دا ئاساسى بار.** «جىنايى ئىشلار قانۇنى»دا بۇ جىنايەتنى تەسىس قىلىشنىڭ «ئاساسىي قانۇن»دا تەۋرەنمەس ئاساسى بار. ھازىر «جىنايى ئىشلار قانۇنى» (تۈزىتىش كىرگۈزۈلگەن لايىھىسى)دا بۇ جىنايەتنىڭ تەسىس قىلىنىشى «ئاساسىي قانۇن»دىكى مۇناسىۋەتلىك بەلگىلىمىنىڭ ئىلگىرىلىگەن ھالدا كونكرېتلاشتۇرۇلۇشى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. قانۇنچىلىق قۇرۇلۇشى نۇقتىسىدىن قارىغاندا، ئۇ تەبىئىي تەرەققىيات جەريانىدۇر. مىللىي كەمسىتىشنى مەنئى قىلىش مەسىلىسى توغرىسىدا «ئاساسىي قانۇن»دا ئىشلىتىلگەن سۆز بىلەن «جىنايى ئىشلار قانۇنى»دا ئىشلىتىلگىنى تامامەن بىردەك. گەرچە «ئاساسىي قانۇن»دا «مىللىي ئۆچمەنلىكنى مەنئى قىلىش» دېگەن سۆز ئىشلىتىلمىگەن بولسىمۇ، لېكىن دۆلەتنىڭ مىللەتلەرنىڭ باراۋەرلىك، ئىتتىپاقلىق ۋە ھەمكارلىق ئاساسىدىكى مۇناسىۋىتىنى قوغداپ، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىغا بۇزغۇنچىلىق قىلىش ۋە مىللىي بۆلگۈنچىلىك پەيدا قىلىش قىلمىشلىرىنى مەنئى قىلىدىغانلىقى ئېنىق بەلگىلەنگەن. ھالبۇكى، مىللىي ئۆچمەنلىك پەيدا قىلغۇچىلارنىڭ قىلمىشىنىڭ خاراكتېرى ۋە ئاقىۋىتى مۇقەررەر ھالدا مىللىي بۆلگۈنچىلىك پەيدا قىلىش ۋە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىغا بۇزغۇنچىلىق قىلىشتىن ئىبارەت. شۇڭا، «جىنايى ئىشلار قانۇنى»دىكى بۇ بەلگىلىمىدە «ئاساسىي قانۇن»دىكى مىللەتلەر مۇناسىۋىتىنى بىر تەرەپ قىلىش پرىنسىپى سادىقلىق بىلەن قوغدالغان ۋە ئەكس ئەتتۈرۈلگەن.

**5. بۇ جىنايەتنىڭ تەسىس قىلىنىشى مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى قوغداشنىڭ رېئال تەلىپىنى ئەكس ئەتتۈردى.** جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ قۇرۇلۇشىغا ئەگىشىپ، كونا مىللىي زۇلۇم ۋە مىللىي كەمسىتىش تۈزۈمىنىڭ جۇڭگو زېمىنىدا مەڭگۈ ئاخىرلاشقانلىقى جاكارلىنىپ، مىللەتلەر مۇناسىۋىتىدە يېڭى دەۋر باشلاندى. دېموكراتىك ئىسلاھات ئېلىپ بېرىلغان ۋە مۇلۇكچىلىك تۈزۈمگە سوتسىيالىستىك ئۆزگەرتىش كىرگۈزۈلگەندىن كېيىن، دۆلىتىمىزدە سوتسىيالىستىك مىللەتلەر مۇناسىۋىتى تۇرغۇزۇلدى ھەمدە دۆلىتىمىزنىڭ سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇش ئىشلىرىنىڭ ئۈزلۈكسىز مۇستەھكەملىنىشى ۋە تەرەققىي قىلىشىغا ئەگىشىپ، 40 نەچچە يىلدىن بۇيانقى بوران- چاپقۇن ئىچىدە ئۇ مۇرەككەپ ۋە كەسكىن سىناقلاردىن ئۆتتى. دۇنيادىكى بىرمۇنچە دۆلەتلەر ۋە رايونلاردا بولسا، مىللەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى توقۇنۇش پەسەيمىدى، ھەتتا تېخ تەڭلىشىپ ئۇرۇشمۇ بولدى.

لېكىن بىز شۇنىمۇ كۆرمىسەك بولمايدۇكى، مىللەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى تارىختا شەكىللەنگەن پەرق ۋە رېئال تۇرمۇشتىكى مەنپەئەت توقۇنۇشى تۈپەيلىدىن، مىللەتلەر مۇناسىۋىتىدە بەزىدە ئۇنداق ياكى مۇنداق مەسىلىلەرمۇ

يۈز بېرىپ تۇرىدۇ. بولۇپمۇ تۆۋەندىكى ئۈچ جەھەتتىكى سەۋەب سوتسىيالىستىك مىللەتلەر مۇناسىۋىتىگە خەۋپ يەتكۈزىدۇ:

بىرىنچى، ئېكسپىلاتاتسىيە قىلغۇچى سىنىپلارنىڭ ئىدىيىۋى قارىشىنىڭ تەسىرى. چوڭ مىللەتچىلىك ۋە يەرلىك مىللەتچىلىك ئىدىيىسىنىڭ قالدۇقلىرى مۇئەييەن شارائىتتا مىللىي ئۆچمەنلىككە ۋە مىللىي كەمسىتىشكە قۇتراتقۇلۇق قىلىدىغان قىلمىشقا ئۆزگىرىشى مۇمكىن.

ئىككىنچى، دۆلىتىمىزنىڭ چېگرا ئىچى ۋە سىرتىدا ئىنتايىن ئاز ساندىكى مىللىي بۆلگۈنچى ئۇنسۇرلار يەنىلا مەۋجۇت. ماھىيەت جەھەتتىن ئالغاندا، دۆلەتنى پارچىلاشنى مەقسەت قىلغان قىلمىشلار ئەسلىدە بۇكۈنكى مىللەتلەر مۇناسىۋىتى دائىرىسىگە كىرمەيدۇ. ئەمما ئەمەلىيەت شۇنى كۆرسەتتىكى، ئۇلار دۆلەتنى پارچىلاش ۋە مىللىي بۆلگۈنچىلىك قىلىشتا ھامان ھەرقانداق ۋاسىتىلەرنى قوللىنىشتىن، جۈملىدىن مىللىي بۆلگۈنچىلىككە ۋە مىللىي كەمسىتىشكە بىۋاسىتە ياكى ۋاسىتىلىك قۇتراتقۇلۇق قىلىشتىن باش تارتمايدۇ.

ئۈچىنچى، غەرب ئەللىرىدىكى بەزى دۈشمەن كۈچلەر مىللىي مەسىلىدىن پايدىلىنىپ، دۆلىتىمىزنى «پارچىلاش» ۋە «غەربچىلەشتۈرۈش»كە ئۇرۇنىدۇ. ئۇلارنىڭ «پارچىلاش» ستراتېگىيىسى ئىچىدە ئەڭ مۇھىم بىر تەرىپى مىللەت ۋە دىن بايرىقىنى كۆتۈرۈۋېلىپ، ھەر خىل ۋاسىتىلەردىن پايدىلىنىپ مىللىي ئارازلىق پەيدا قىلىشتىن ئىبارەت. بۇ ئەلۋەتتە مىللىي ئۆچمەنلىككە ۋە مىللىي كەمسىتىشكە قۇتراتقۇلۇق قىلىشنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

شۇڭا، مىللىي ئۆچمەنلىك ۋە مىللىي كەمسىتىش پەيدا قىلىدىغان قىلمىشلارنى جىنايى ئىشلار قانۇنىي ۋاسىتىسى ئارقىلىق مەنئى قىلىش ۋە جازالاش ھەرگىزمۇ نەزەرىيىۋى ئەھمىيەتكىلا ئىگە بولۇپ قالماي، بەلكى زور رېئال ئەھمىيەتكىمۇ ئىگە.

تۆۋەندە، يەنە جىنايەتنىڭ شەكىللىنىش نۇقتىسىدىن بۇ جىنايەتنى تەھلىل قىلىپ باقماقچىمىز. شۇنىڭدەك ئەمەلىيەت جەريانىدا بۇ جىنايەتنى قانداق بېكىتىش توغرىسىدا بىر ئاز مۇزاكىرە قىلىپ كۆرمەكچىمىز.

**بۇ جىنايەتنى شەكىللەندۈرگۈچى سۇبيېكتىپ ۋە ئوبيېكتىپ شەرتلەر.**

بۇ جىنايەتنىڭ سۇبيېكتى ئالاھىدە سۇبيېكت بولماستىن، ئادەتتىكى سۇبيېكتتۇر. بۇ جىنايەتنى ئۆتكۈزگۈچىلەر ئاز سانلىق مىللەتتىن بولۇشىمۇ، خەنزۇدىن بولۇشىمۇ مۇمكىن؛ دۆلەت خادىملىرى بولۇشىمۇ، دۆلەت خادىمى بولماسلىقىمۇ مۇمكىن. بۇ دۆلىتىمىزنىڭ «جىنايى ئىشلار قانۇنى»دا بەلگىلەنگەندەك «قانۇنسىز يوللار بىلەن پۇقرالارنى دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىكىدىن مەھرۇم قىلىش ۋە ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئۆرپ-ئادەتلىرىگە دەخلى-تەرۇز قىلىش جىنايىتى»نى ئۆتكۈزۈش سۇبيېكتى دۆلەت خادىملىرىلا بولىدىغانلىقىغا ئوخشىمايدۇ.

بۇ جىنايەتنىڭ دەخلى-تەرۇز قىلىدىغىنى — دۆلىتىمىزنىڭ باراۋەرلىك، ئىتتىپاقلىق ۋە ھەمكارلىق ئاساسىدىكى سوتسىيالىستىك مىللەتلەر مۇناسىۋىتى، جىنايەت ئۆتكۈزگۈچىنىڭ سۇبيېكتىپ ئارزۇسىمۇ، ئىنتىلىدىغان قىلمىشىنىڭ ئاقىۋىتىمۇ مىللەتلەر ئوتتۇرىسىدا ئۆچمەنلىك، قارىمۇقارشىلىق ۋە كەمسىتىش پەيدا قىلىشنى مەقسەت قىلىدۇ.

بۇ جىنايەت قەستەنلىكتىنلا شەكىللىنىدۇكى، سەۋەنلىكتىن شەكىللەنمەيدۇ. مۇبادا مىللىي سىياسەتنى بىلمەسلىك، مىللەتلەرنىڭ روھىي ھالىتىنى، ئۆرپ-ئادىتىنى ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىيات ئەھۋالىنى چۈشەنمەسلىك ياكى خىزمەتتە مەسئۇلىيەتسىزلىك تۈپەيلىدىن مىللەتلەر مۇناسىۋىتىگە زىيانلىق ئاقىۋەت كېلىپ چىقسا، مىللەتلەر ئوتتۇرىسىدا ئۆچمەنلىك ۋە كەمسىتىش يۈز بەرسە، ئەلۋەتتە بۇ جىنايەتكە ھېسابلاشقا بولمايدۇ.

جىنايەت ئۆتكۈزۈشنىڭ ئوبيېكتىپ شەرتى جەھەتتە، قىلمىش سادىر قىلغۇچى چوقۇم مىللىي ئۆچمەنلىككە ۋە مىللىي كەمسىتىشكە قۇتراتقۇلۇق قىلىدىغان قىلمىشنى سادىر قىلغان بولۇشى كېرەك. بۇ يەردىكى «قۇتراتقۇلۇق» قىلمىشىنىڭ بىر خىل ئىپادىلىنىش شەكلى بولۇپ، سۆز ئارقىلىق بولۇشىمۇ، يېزىق ئارقىلىق بولۇشىمۇ، رەسىم، سۈرەت، كىنو-تېلېۋىزىيە قاتارلىق ۋاسىتىلەر ئارقىلىق ئىپادىلىنىشىمۇ مۇمكىن.

تەكىتلەپ ئۆتۈشكە تېگىشلىكى شۇكى، بۇ قىلمىشنى سادىر قىلغۇچىلارنىڭ «قىلمىشى ئېغىر» بولغانلىرىلا جىنايەت شەكىللەندۈرىدۇ. بۇ يەردىكى «قىلمىشى ئېغىر» دېگەنلىك قىلمىش سادىر قىلغۇچىنىڭ سۇبيېكتىپ جەھەتتىكى يامان غەرىزىنىڭ ناھايىتى كۈچلۈك ئىكەنلىكىنى، قوللانغان ۋاسىتىسىنىڭ قەبىھلىكىنى، پەيدا قىلغان تەسىرىنىڭ بىر قەدەر ئېغىر ئىكەنلىكىنى، شۇ ئارقىلىق مىللەتلەر مۇناسىۋىتىگە زىيان يەتكۈزۈپ، مىللەتلەر ئوتتۇرىسىدا ئىشەنمەسلىك ۋە نىزا تۇغدۇرغانلىقىنى، ھەتتا كەسكىن قارىمۇقارشىلىق ۋە توقۇنۇش پەيدا قىلدۇرغانلىقىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئەگەر ئادەتتىكى سۆزلا بولۇپ، مىللىي ئۆچمەنلىككە ۋە مىللىي كەمسىتىشكە قۇتراتقۇلۇق قىلىش خاراكتېرىگە كىرمىسە، قىلمىشى ئېغىر بولمىسا، ئېغىر ئاقىۋەت پەيدا قىلمىغان بولسا، ئەلۋەتتە ئۇنى جىنايەت قاتارىدا بىر تەرەپ قىلىشقا بولمايدۇ.

**بۇ جىنايەتنى بەلگىلەشنىڭ رولىنى توغرا تونۇش لازىم.**

بۇ جىنايەتنى تەسىس قىلىشتىكى مەقسەت سوتسىيالىستىك مىللەتلەر مۇناسىۋىتىنى قوغداش ئۈچۈن بولۇپ، ئاددىي ھالدىكى جازالاش ئۈچۈنلا ئەمەس. شۇڭا، بۇ جىنايەتنى تەسىس قىلىش بىلەن نۆۋەتتىكى مىللەتلەر مۇناسىۋىتىگە قارىتا توغرا تونۇشتا بولۇشى شەرت. بۇ جىنايەتنىڭ تەسىس قىلىنىشى ھەرگىزمۇ دۆلىتىمىزنىڭ مىللەتلەر مۇناسىۋىتىدە ئېغىر مەسىلە چىقىپ، ئۇنى قاتتىق جازا قانۇنى ئارقىلىق ساقلاشقا توغرا كەلگەنلىكىدىن دېرەك بەرمەيدۇ. ئومۇمىي مەنىدىن ئالغاندا، جىنايى ئىشلار قانۇنىنىڭ جىنايەتنى جازالىشى جىنايەتنىڭ ئالدىنى ئېلىشنى مەقسەت قىلىدۇ، بۇ جىنايەتنى تەسىس قىلىشتا ئالدى بىلەن ھازىرقى سوتسىيالىستىك مىللەتلەر مۇناسىۋىتىنى قوغداش مەقسەت قىلىنغان. مىللەتلەر مۇناسىۋىتىنىڭ مەزمۇنى كەڭ ھەم مول بولىدۇ، ئۇنى جىنايى ئىشلار قانۇنى ۋاسىتىسى بىلەن تەڭشىگەندىن باشقا، يەنە كۆپ خىل ۋاسىتە ۋە تەدبىر ئارقىلىق قوغداشقا توغرا كېلىدۇ.

**قىلمىش سادىر قىلغۇچىنىڭ بۇ جىنايەتنى ئۆتكۈزگەنلىكىنى بېكىتىشتە ئىنتايىن ئېھتىياتچان پوزىتسىيە تۇتۇش كېرەك.**

مىللەتلەر مۇناسىۋىتىنىڭ سەزگۈرلۈكىنى ۋە جىنايى ئىشلار ۋاسىتىسىنىڭ كەسكىنلىكىنى نەزەردە تۇتۇش لازىم. شۇڭا قىلمىش سادىر قىلغۇچىنىڭ قىلمىشىنىڭ جىنايەت شەكىللەندۈرگەن ياكى شەكىللەندۈرمىگەنلىكىنى بېكىتىشتە، چوقۇم «جىنايى ئىشلار قانۇنى»دىكى بەلگىلىمە بويىچە، جىنايەت ئۆتكۈزگۈچىنىڭ مۇددىئاسى ۋە قىلمىشىنى تولۇق تەھلىل قىلىش، جىنايەتنىڭ يەتكۈزگەن زىيىنىنى نەزەردە تۇتۇش، پاكىت ۋە قانۇننى مىزان قىلىپ، خاراكتېرىنى توغرا ـ بېكىتىش لازىم، قىلچىمۇ يەڭگىللىك ۋە بىپەرۋالىق قىلىشقا بولمايدۇ.

**بۇ جىنايەت بىلەن ئۇنىڭغا ئوخشايدىغان باشقا جىنايەتنىڭ چېگرىسىنى ئېنىق ئايرىش لازىم.**

تۈزىتىش كىرگۈزۈلگەندىن كېيىنكى «جىنايى ئىشلار قانۇنى»دىن شۇنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، ۋەتەننىڭ بىرلىكى ۋە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى قوغداش «جىنايى ئىشلار قانۇنى»نىڭ مۇھىم بىر ۋەزىپىسى، ئۇنىڭدىكى بەزى جىنايى قىلمىشلارنىڭ مەلۇم جەھەتلەردە مىللىي ئۆچمەنلىككە ۋە مىللىي كەمسىتىشكە قۇتراتقۇلۇق قىلىش جىنايىتى بىلەن ئوخشاپ كېتىدىغان جايلىرى بار، شۇڭا ئۇلارنى ئىنچىكىلىك بىلەن پەرقلەندۈرۈشكە توغرا كېلىدۇ. ئايلىنىق، پارتلىتىش، يوشۇرۇن ئۆلتۈرۈش، زەخىملەندۈرۈش، ھاقارەت قىلىش قاتارلىق ۋاسىتىلەر بىلەن مىللىي ئۆچمەنلىك تۇغدۇرغان، مىللىي كەمسىتىش پەيدا قىلغان بولسا، ئۇ ھالدا مىللىي ئۆچمەنلىككە ۋە مىللىي كەمسىتىشكە قۇتراتقۇلۇق قىلىش جىنايىتى دېيىشكە بولمايدۇ، ئۇنى پارتلىتىش جىنايىتى، قاتىللىق جىنايىتى، زەخىملەندۈرۈش جىنايىتى ۋە ھاقارەت قىلىش جىنايىتى دېگەنگە ئوخشاش مۇناسىپ جىنايەتكە سېلىپ ھۆكۈم چىقىرىش كېرەك. دېمەك قىلمىش سادىر قىلغۇچىنىڭ سۇبيېكتىپ غەرىزى مىللىي ئۆچمەنلىك تۇغدۇرۇش، مىللىي كەمسىتىش پەيدا قىلىش بولسىمۇ، قىلمىش سادىر قىلغۇچىنىڭ جىنايەت ئۆتكۈزۈش ۋاسىتىسى ۋە ئۇسۇلى جىنايەتنى بېكىتىشتە ناھايىتى مۇھىم رول ئوينايدۇ.

(ئىسمائىل ئىبراھىم تەرجىمە قىلدى)

# كىتاب ۋە كىتابخان ھەققىدە ئويلار

● ماخمۇت مۇھەممەت ●

ئالدىمدا ئۈچ پارچە ئەسەر تۇرىدۇ. ئۇنىڭ بىرى قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى نەشر قىلغان «تەپەككۇر گۈلشەنى» ناملىق كىتاب، يەنە بىرى شائىر مۇھەممەتجان راشىدىننىڭ «ئۈرۈمچى كەچلىك گېزىتى»نىڭ 1995-يىل 16-ماي سانىغا بېسىلغان «قايدىسەن» ناملىق شېئىرى، ئۈچىنچىسى جۇرئەت روزىمىراپنىڭ «ئىلى كەچلىك گېزىتى»نىڭ 1995-يىل 14-سېنتەبىر سانىغا بېسىلغان «بىز نېمىشقا كىتاب ئوقۇمايمىز» ناملىق ماقالىسى.

مەن بۇ ئۈچ ئەسەرنى بىر-بىرلەپ ئوقۇپ چىقىپ، چوڭقۇر خىيالغا پاتتىم. بۇلارنىڭ ھەممىسىدىلا كىتاب ھەققىدىكى مەزمۇنلار، كىتابخانلارغا قىلىنغان مۇراجىئەتلەر، كىتاب ۋە كىتاب ئوقۇشنىڭ خاسىيىتى، ئىنسان، مىللەت، دۆلەت ۋە دۇنيانىڭ روناق تېپىشىدا كىتابنىڭ ئوينايدىغان تۈرتكىلىك رولى زىكرى قىلىنغان، شۇنداقلا بىزنىڭ، مىللىتىمىزنىڭ نۆۋەتتە كىتابقا تۇتقان مۇئامىلىمىز، كىتابقا بولغان تونۇشىمىز ئاچچىق ھەقىقەتلەر ئارقىلىق كۆرسىتىپ بېرىلگەن.

1

«تەپەككۇر گۈلشەنى» ناملىق كىتابنى ھاياجان ئىلكىدە ۋاراقلاۋاتىمەن.

ئۆز ئىجادىيەتلىرى بىلەن جاھانغا كاتتا ئابىدىلەرنى تىكلەپ، ئۆچمەس چىراغلارنى يېقىپ كەتكەن مۇتەپەككۇرلارنىڭ كىتاب ھەققىدە ئېيتقان دانا سۆزلىرى، ھېكمەتلىك تەبىرلىرى مېنىڭ كىتابقا بولغان چوڭقۇر مۇھەببىتىمنى ئۇلغايتماقتا.

«كىتابلار قەلبنى يورۇتىدۇ. ئىنساننى يۇقىرى پەللىگە كۆتۈرىدۇ ۋە كۈچكە كۈچ قوشىدۇ. ئەڭ ياخشى ئارزۇ-تىلەكلەرنى ئويغىتىدۇ. ئەقلىنى ئۆتكۈر قىلىدۇ ۋە يۈرەكنى يۇمشىتىدۇ.» (ئۇ. تېككېرېيى) ئويلاپ قالدىم، كىتاب ھەقىقەتەن شۇنداق بۈيۈك كۈچكە ئىگىمۇ؟ ئۆز سەرگۈزەشتىلىرىم، ئەمەلىيىتىم ئىسپاتلاپ تۇرۇپتىكى، كىتاب راستىنلا شۇنداق خىسلەتكە ئىگە.

مەن تېخى باشلانغۇچ مەكتەپكە بارماي تۇرۇپلا كىتاب بىلەن تونۇشقانىدىم. كىتابخۇمار بوۋامنىڭ تۈرتكىسى ۋە



يادىمدە، ئۇنىڭ ساندۇقىدا ساقلىنىۋاتقان ئاجايىپ سېھىرلىك، رەڭگارەڭ كىتابلارنىڭ سىرىنى بالدۇرراق ئېچىش ئىشتىياقىدا بەش يېشىمدىلا خەت ساۋاتىمنى چىقارغان، مەكتەپ بوسۇغىسىغا قەدەم قويغۇچە «ئادىنا»، «بۆدىنە»، «ئالتۇن ئاچقۇچ»، «دوختۇر ئايبولىت» قاتارلىق خېلى جىق كىتابلارنى ھەجىلەپ ئوقۇپ چىققاندىم، شۇ كىتابلارنى ھېلىمۇ سۆيۈنۈپ، سېغىنىپ ئەسلەيمەن. شۇنىڭدىن تارتىپ تا ھازىرغىچە كىتابتىن بىر كۈنمۇ ئايرىلىپ باقمىدىم. كۈنىگە ئاز دېگەندە ئىككى سائەت كىتاب ئوقۇمىسام ئۆزۈمنى ئەھمىيەتسىز بىر ئادەمگە ئايلىنىپ قالغاندەك ھېس قىلىمەن. مۇبادا مەندە، مېنىڭ ۋۇجۇدۇمدا ئازدۇر- كۆپتۇر ئارتۇقچىلىقلار بار دېيىلسە، ئىككىلەنمەي ئېيتالايمەنكى، بۇنى ماڭا كىتابلار بەرگەن. گاھىدا شۇنداق ئويلاپمۇ قالىمەن، دەۋر ئالدىدا غەپلەت ئۇيقۇسىدىن تېخى ئويغانمىغان ۋە ئەدەب ـ ئەخلاق، ئار-نومۇسنى قايرىپ قويۇپ، قانۇن-تۈزۈملەرگە ئىرەن قىلماي ئوغرىلىق، بۇلاڭچىلىق قىلىۋاتقان، زەھەرلىك چېكىملىك چېكىپ ۋە باشقا ئەسكى قىلمىشلارنى ئۆتكۈزۈپ ئاتا-ئانا، ئۇرۇق-تۇغقان، ئەل-جامائەتنى قاقشىتىۋاتقانلارنىڭ تولىسى شۈبھىسىزكى، كىتاب ئوقۇمايدىغانلار ياكى كىتابنى ئاز-تولا ئوقۇسىمۇ لەززىتىنى ئالالمىغانلاردۇر. بولمىسا، ئۇلار ئەقىلسىزلىك، نادانلىق ۋە چۈشكۈنلۈك پاتقىقىغا ئۇنچىلىك پېتىپ كەتمىگەن بولار ئىدى.

«كىتابقا بولغان مۇھەببەت ھەقىقەتەن ماختاشقا لايىق. بەزىلەر (كىتاب مەستانىلىرى) ئۇستىدىن مازاق قىلىپ كۈلۈشىدۇ. راستىنى ئېيتقاندا، ئېھتىمال بۇنىڭغا ئۇلارنىڭ ئۆزلىرى ئەيىبلىك. چۈنكى ھەممە ئاشىقلارنىڭ يولى شۇ. لېكىن ئەسلىدە ئۇلارغا ھەۋەس بىلەن قاراش كېرەك ئەمەسمۇ...»، بۇ سۆزنى ئا. فرانس ئېيتقان. بىزدە كىتاب ئوقۇمايدىغانلارنىڭ سانى شۇنچە كۆپ! كىتاب ئوقۇيدىغانلارنىڭ سانى شۇنچە ئاز! مازاق قىلىشى بىر يېڭى زامانىۋى ئىجادىيەت. ئەمەلىيەتتە بولسا، زامان تەرەققىي قىلىپ بۈگۈنكى كۈنگە يەتكەندە روھىي دۇنيارىمىزنى پاكلاشتۇرىدىغان، بىزنى يورۇقلۇققا يېتەكلەيدىغان بۇنداق نۇرلۇق ماياكقا ئەگىشىدىغانلار قانچە كۆپ بولغان بولسا شۇنچە توغرا بولاتتى. 1994-يىل 5-ئاينىڭ 28-كۈنى بىزنىڭ ئىلى ۋىلايەتلىك كۇتۇپخانىمىز ھەر يىلى شۇ مەزگىلدە مەملىكەت بويىچە ئېلىپ بېرىلىدىغان «كۇتۇپخانا تەشۋىقات ھەپتىلىكى» ئۇچۇن چوڭ كوچىدا «سەييارە قىرائەتخانا» تەشكىللىدۇق. يايما ئەتراپىدا كىتاب، ژۇرنال كۆرۈۋاتقانلار خېلى جىق ئىدى. توساتتىن دىققىتىمنى بوغچا ئېسىۋالغان، تۇرقىدىن تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىدەك كۆرۈنىدىغان ئىككى ئوغۇل بالا تارتتى. ئۇلارنىڭ بىرى ژۇرنال ۋاراقلاۋاتقان يەنە بىرىنىڭ چاپىنىدىن تارتىپ: «جۆرە ئاداش، كىتاب ئوقۇپ ۋاقتىڭنى نېمە بىكار ئىسراپ قىلىسەن» دېدى. بۇ گەپنى ئاڭلاپ يۈرىكىم ئاغرىغاندەك كۆڭۈلسىزلىنىپ، تۇرۇپلا قالدىم. چۈنكى ھېلىقى ئىككى بالا مەن سۆزلەيدىغان تىلدا سۆزلىشىۋاتاتتى.

بۇلتۇر مەلۇم بىر كۈنى كەچتە بىر توي سورۇنىغا بېرىپ قالدىم. بىر شىرەدە ئولتۇرغانلارنىڭ كۆپرەكى مەن تونۇشمايدىغانلار ئىدى، مەرىكە باشلانغىچە ئۇياق-بۇياقتىن پاراڭ بولۇپ، گەپنىڭ ئاخىرى كىتابخانىغا يېڭىدىن كەلگەن كىتابلار ھەققىدە توختىلىپ قالدى، بۇ پاراڭغا ئەلۋەتتە مەنمۇ قاتنىشىۋاتاتتىم. 35 ياشلاردىكى بۇرۇتلۇق بىر مېھمان توساتتىن پاراڭغا قېتىلىپ: «ئەپەندىم دېگەنلەرزە، كەچكىچە قەغەزنىڭلا گېپىنى قىلىشىدىكەندە، خۇداغا شۈكۈر، مانا بىز كىتاب ئوقۇمايمىز» دېدى. پاراڭ چىپپىدە توختاپ قالدى. مەن تۇرقىدىن ئوتتۇراھال تىجارەتچىدەك بىلىنىپ تۇرغان، «مەن» ئەمەس، ئىشەنچلىك ھالدا «بىز» دەپ سۆزلەۋاتقان ھېلىقى بىچارە بەختلىككە تىكىلىپ قاراپ قويدۇم، ئۇنىڭ شۇ سۆزىنى مىللىتىمىز ئارىسىدىن چىققان مەرىپەتپەرۋەر، تەرەققىيپەرۋەر، كىتابخۇمار كاتتا تىجارەتچىلەر ئاڭلىسا نېمە دەر؟

«كىتابنى سۆيۈڭ، ئۇ تۇرمۇشىڭىزنى يېنىكلەشتۈرىدۇ. خىلمۇخىل چېچىلاڭغۇ پىكىر، تۇيغۇ، ۋەقەلەرنى چۈشىنىشتە دوستانە ياردەم بېرىدۇ. ئۇ سىزنى، ئادەملەرنى ۋە ئۆزىڭىزنى ھۆرمەت قىلىشقا ئۆگىتىدۇ. ئۇ دۇنياغا، ئادەملەرگە مېھىر تۇيغۇسىنى بەخش قىلغان ھالدا ئەقلىڭىز ۋە قابىلىيىتىڭىزگە قانات بېغىشلايدۇ» (م. گوركىي). «تەپەككۇر گۈلشەنى»نى ۋاراقلاۋېتىپ

كۆزلىرىم بۇ مەنالىق سەترلەرگە قادىلىپ قالدى. مەن تونۇيدىغان ئادەملەر، بۇرادەرلەر ئىچىدە كىتابقا ئىشتىياق باغلىغان، ئۆمرىنى كىتاب ئوقۇش بىلەن مەنىلىك سىزىدىغانلار خېلى بار. ئۇلار بازارغا كىرسە ئالدى بىلەن كىتابخانىنى ئايلىنىدۇ، سورۇنلاردا جەم بولۇپ قېلىشسا ئوقۇغان كىتابلىرى توغرىسىدا خۇشاللىق بىلەن سۆزلىشىدۇ. بىنا خىشلاردىن تەشكىل تاپقاندەك، بىر مىللەتمۇ ئۆزىنىڭ نۇرغۇن ئەزالىرىدىن تەشكىل تاپىدۇ. مىللىتىمىز ئارىسىدا «كىتاب بولمىسا بۇ هايات مەنىسىز ئۆتكەن بولاتتى، كىتابلار بىزنىڭ قاراڭغۇ دىلىمىزنى يورۇتقۇچى نۇرلۇق چىراغ» دەپ ئويلايدىغانلار قانچە كۆپەيسە شۇنچە ياخشى بولغان بولاتتى ۋە مىللەتنىڭ ساپاسىنى يۇقىرى كۆتۈرۈشكە، سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنى تېخىمۇ تېز راۋاجلاندۇرۇشقا كۆپرەك پايدىسى تېگەتتى. شۇڭا بارلىق دوستلارغا ئافورىزملار ۋە ھېكمەتلىك سۆزلەر توپلىمى بولغان «تەپەككۇر گۈلشەنى» ناملىق كىتابنى ۋە ئۇنىڭدا بايان قىلىنغان كىتاب ھەققىدىكى ئەقلىيە سۆزلەرنى مېغىزىنى چېقىپ تۇرۇپ ئوقۇپ چىقىشنى تەۋسىيە قىلىمەن.

2

بۇ يىل مەن ئۈچۈن خاسىيەتلىك بىر يىل بولدى. ئىككى كىتابىم نەشىردىن چىقتى، ئۈچ كىتابىم بۇ يىل ۋە كېلەر يىللىق پىلانغا كىرگۈزۈلدى. شائىر تۇرسۇننىياز بىلەن بىرگە تۈزگەن يەنە بىر كىتابىممۇ ئىككى يىلدىن بېرى باسما زاۋۇتىدىن چىقالماي ياتىدۇ. «جاپا چەكمەي ھالاۋەت يوق» دېگەندەك، يۇقىرىقى ئالتە كىتابقا تىراژ توپلاش ئۈچۈن تارتقان جاپايىمنى ئۆزۈم بىلىمەن. نېمىشقىكىن، ھازىر قەلەم ئىگىلىرى ئۆچۈن كىتابنى يېزىپ پۈتتۈرۈش بىر ئىش، ئۇنى «تويلۇق مېلى» بىلەن نەشرىياتقا ئۆتكۈزۈش بىر ئىش بولۇپ قالدى. 8 مىليونغا يېقىن نوپۇسى بار بىر مىللەتتە نۆۋەتتە كەلسە يازغۇچىغا 3000 خېرىدار تەستە تېپىلىدۇ. شائىرنىڭ كۆڭلىگە ئاندىن بەتتەر. بىراق ئادەمنىڭ ئىچىنى سىقىپ بازاردا قەدەمدە بىر ئۇچرايدىغان قاۋاقخانىلارنىڭ بازىرى ئىتتىك. بىزنىڭ نۇرغۇن ئادەملىرىمىز 15 يۈەنگە بىر بوتۇلكا ھاراقنى ئىككىلەنمەي سېتىۋالىدۇ-يۇ، بەش يۈەنلىك كىتابنى قىممەت كۆرۈپ ئالمايدۇ ياكى ئۇنى ئېلىش خىيالىغىمۇ كىرىپ چىقمايدۇ. بۇ دەردلەرگە نېمە دېگۈلۈك؟ «جەننەت ئەرزان، خېرىدارى يوق، دوزاق قىممەت، خېرىدارى كۆپ» دېگەن شۇ بولسا كېرەك.

ھەر بىر كىتابىمنى نەشرىياتقا تاپشۇرۇش ئالدىدا ياكى تاپشۇرغاندىن كېيىن ئەڭ كېمىدە بىرەر ـ ئىككى ئاي ۋاقىت سەرپ قىلىپ تىراژنىڭ يولىنى ماڭىمەن. شىنجاڭ بويلاپ ئاغىنە-بۇرادەرلەرگە ھاۋالە خېتى يازىمەن. ئىدارە، مەكتەپ، يېزىلارغا بارىمەن. يېقىن ئەتراپتىكى شىنخۇا كىتابخانىلىرىغا قاتنايمەن. 1995-يىلى بىر كىتابىمنىڭ تىراژى ئۈچۈن كوچاغا بېرىپ كەلدىم. مېنىڭ ھېلىقى ئىككى يىلدىن بۇيان باسما زاۋۇتىدا ياتقان كىتابىمنىڭ نەشرگە تاپشۇرۇلغىنىغا ساق بەش يىل بولدى، بۇ جەرياندا نەشرىيات ئۈچ قېتىم زاكاز تالونى تارقاتتى. بىرىنچى قېتىم، كىتاب باھاسى 2.60 يۈەن ۋاقتىدا بۇ كىتابقا ئاران 1800 تىراژ توپلىنىپتۇ، كېيىنكى قېتىم 9.60 يۈەنگە چىققىنىدا ئۆزۈم قول سېلىپ 2800 تىراژغا يەتكۈزۈپ، نەشرىياتنى «يۈيگۈڭ روھى» بىلەن تەسىرلەندۈردۈم. مەزكۇر كىتابقا تىراژ توپلاش داۋامىدىكى ئىككى ئىش يادىمدىن چىقمايدۇ: بىرى، غۇلجىدىكى كاتتا تىجارەتچىلەر بىلەن باردى-كەلدىسى قويۇق بىر زىيالىيغا مەن شۇلار ئارقىلىق بۇ ئەھمىيەتلىك كىتابنىڭ («قايغۇلۇق ئەسلىمىلەر» ناملىق بۇ كىتابتا ۋاپات بولغان ئەدىبلىرىمىز ھەققىدىكى ئەسلىمىلەر جۇغلانغان) مەلۇم ساندىكى تىراژىنى توپلاش توغرىسىدا مەسلىھەت سېلىۋېدىم، ئۇ ئىشەنچلىك ھالدا دەرھال ماقۇللۇق ئىپادىسى بىلدۈردى. بىر ھەپتىدىن كېيىن ئۇ ئىنتايىن ئۈمىدسىزلەنگەن ھالدا ماڭا تېلېفون بېرىپتۇ. ئۇنىڭ دېيىشىچە، ئالتە-يەتتە كاتتا ئىمارەت سېلىشقىمۇ كۈچى يېتىدىغان بىر داڭدار تىجارەتچى ھېلىقى كىتابتىن ئەقەللىسى بىر نۇسخا يېزىلىشقىمۇ ئۇنىماپتۇ. «بىزنىڭ ئۆيدە كىتاب تۇرمايدۇ، باللار يىرتىۋېتىدۇ» دېگىدەك ئۇ. بۇ گەپنى ئاڭلاپ تىستېرونىنىڭ «كىتابسىز ئۆي ـــ جانسىز تەن» دېگەن گېپى يادىمغا چۈشتى. يەنە بىرى، مەن ئۆزۈم ئىلگىرى بىر مەزگىل تۇرغان غۇلجا ناھىيىسىنىڭ دادامتۇ يېزىسىغا چىقىپ، بىر نەچچە تونۇشۇمغا ئەھۋالنى ئېيتتىم، بۇ ئىشنى كۆرۈڭكى، مەن تونۇيدىغان -تونىمايدىغان دېھقانلار، يېزا كادىرلىرى ھېلىقى كىتابنىڭ چۈشەندۈرۈشىنى ئوقۇپ ياكى ئاڭلاپ، بەس-بەستە خېرىدار بولۇشتى. «ئۆزىمىز ئوقۇيالمىساق، ئۆيدە ساقلاپ قويىمىز، باللىرىمىزغا ئوقۇتۇپ تىڭشايمىز»

دېيىشتى بەزىلىرى. شۇنداق قىلىپ بىر ھەپتىگە يەتمىگەن ۋاقىت ئىچىدىلا مېنىڭ يېزىلىق بىر دوستۇم 150 كىتابىنىڭ تىراژ پۇلىنى ماڭا ئەكىرىپ بەردى.

بىزنىڭ بالىلىرىمىز كىتاب ئوقۇمامدۇ؟ يېقىندا، بىر شەنبە كۈنى غۇلجا شەھەر «ستالىن» كوچا «شىنخۇا» كىتابخانىسىغا كىرىپ قالدىم. ئاز سانلىق مىللەتلەر يېزىقىدىكى كىتابلار بۆلۈمىدە كەم دېگەندىمۇ 20 ـ 30 كىچىك بالا تام، پوكەيلەرگە يۆلىنىپ، يەردە زوڭزىيىپ ئولتۇرۇپ جىممىدە كىتاب ئوقۇۋاتاتتى. كىتابخانا خادىمى ئاچچىق كۈلگىنىچە «دەم ئېلىش كۈنلىرى ئەھۋال مۇشۇنداق، ئۇلارنى كىتابنى سېتىۋالمىساڭلار جايىغا قويۇپ قويۇڭلار دېسەك تېخى، دېمەيلى دېسەك، كىتابنى مەشەدىلا ئوقۇپ، سېتىۋالمىسا يىللىق ۋەزىپىمىز ئورۇندالمايدۇ، ئۇنىڭ ئۈستىگە كىتابلار كىرلىشىپ، يىرتىلىپ كەتسە كىم ئالىدۇ؟» دېدى. ئۇنىڭ گېپى توغرا، كىتابخانا ــ سودا ـ تىجارەت ئورنى، كۇتۇپخانا ئەمەس، بىراق ھېلىقى قارا كۆزلەرگە قاراپ ئادەم مۇنداقمۇ ئويلاپ قالىدۇ. ئۇلارنىڭ ئاشۇ ئېسىل كىتابلارنى جان دەپ سېتىۋالغۇسى بار، راست، ھازىر كىتابلارغۇ قىممەت، باللار كىتابلىرىمۇ ئەرزان ئەمەس، ئەمما ئاشۇ ئاتا ـ ئانىلارنىڭ ئۆز جىگەر پارىسىغا، كېلەچىكىگە بىرەر ـ ئىككى پارچە كىتاب ئېلىپ بەرگۈچىلىكى يوقمىدۇ؟ ئۇلارنىڭ ئاپىلىرى مودا كىيىم كىيىمەمدىغاندۇ، دادىلىرى ھاراق ئىچمەمدىغاندۇ؟!

قەلەمكەشلەرنىڭ كىتابىغا ئۆزى يول مېڭىپ تىراژ توپلىشى ھازىر بىزدە ئومۇمىيۈزلۈك ئەھۋال بولۇپ قالدى. مەن بۇ گەپنى بەزى بۇرادەرلەرنىڭ ماڭا «ئۆنچىلا جاپا تارتىپ ساڭا نېمە قويىدى، سىڭگەن پومنېنگنى يە!» دېگەندەك ئىستىھزالىق گەپلەرنى قىلىش ئېھتىمالىنى كۆزدە تۇتۇپ ئېيتىۋاتىمەن. ماڭا ئوتتۇرا ھېساب بىلەن ھەر ئايدا بىر ـ ئىككى قېتىم شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى قەلەمداشلاردىن خەت كېلىپ تۇرىدۇ، ئۇلارنىڭ ئارىسىدا كاتتا ئەدىبلىرىمىزمۇ بار. بۇ سالامنامىلەردە ئۆتۈنۈش ۋە خەت ئارىسىغا قىستۇرۇلغان «زاكاز تالون»لارمۇ بولىدۇ. مەن ھەتتا مەرھۇم ئەدىبىمىز ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر ئاكىنىڭمۇ ئۆزىنىڭ بىر كىتابىغا (ئېھتىمال «ئۆمۈر مەنزىللىرى» شېئىرلار توپلىمى ئۈچۈن بولسا كېرەك!) تىراژ توپلاپ بېرىش خۇسۇسىدا غۇلجىدىكى بىر ئەدىبكە يازغان سالام خېتىنىمۇ كۆرگەنمەن.

يېزىپ شۇ يەرگە كەلگەندە، مۇھەممەتجان راشىدىن ئاكىنىڭ «قايدىسەن» ناملىق شېئىرىنى يەنە بىر قېتىم مۇتالىيە قىلدىم. ئۇنىڭ گاھى بىر مىسرالىرىنى قىممەتلىك كىتابخان بىلەن ئورتاقلاشماقچىمەن:

«بىر كىتاب يازسام بېسىشتىن تارتتى باش بىر نەشرىيات،
تۆكتى ھەم ئاۋۋال سېنىڭ توغراڭدا نۇرغۇن ئەرز ـ داد.
ــ تاپ كىتابخاننى ئۆزۈڭ، توپلا تىراژ، ئالغانغا سات، ــ
دەيدۇ ، ــ بىزمۇ ئىزدىشەيلى، چۈشكىلى ھارۋاڭنى قات!
بىزنى ئۇنتۇپ ھەر تامان چاپقان كىتابخان، قايدىسەن؟
......
ئويناق، كۈلمەككە پۇل بار، بىر كىتابقا يوق ئەجەب،
ئون كىتابتىن بىر بوتۇلكا مەي ساڭا ئارتۇق ئەجەب؟!
كۈندە قاساپتىن ئايالىڭ يەيدۇ گۆش لوق ـ لوق ئەجەب،
دېمىدى: ئۆيدىن كىتاب، گېزىت ئۈزۈپ قويدۇق ئەجەب؟
ئەيش ـ ئىشرەتلەرگە پۇل چاچقان كىتابخان، قايدىسەن؟»

بۇ يالغۇز مۇھەممەتجان راشىدىننىڭلا ئەمەس، ئۆز مىللىتى، خەلقىنىڭ يازغۇچى، شائىرى بولۇپ قالغان نۇرغۇنلىغان زىيالىيلارنىڭ يۈرەك سۆزى. خاس سورۇنلاردا تاماقنىڭ نوچىسىنى يەپ، ئاچچىق ھاراق بىلەن كەيپىلىنىۋېلىپ ئالدىن يازغۇچى، شائىرلارنى بولار ـ بولماس تېتىقسىز ئىبارىلەر بىلەن مازاق قىلىپ كۆڭۈللىرىنى ئاچىدىغان ئايرىم كىشىلەردىن بۆلەك بارلىق ئاۋام بۇ ئىلتىجا ۋە ئاغرىنىشنىڭ ۋەزنىنى، ھەقىقىتىنى چۈشىنىدۇ ۋە ئۇ ھالغا ھېسداشلىق قىلىدۇ. ئۆز كۆڭۈللىرىنى كىتابتىن بۆلەك نەرسىلەر بىلەن زىننەتلىمەكچى بولغان، شەپكىسى چۈشۈپ قالسا خەققە پۇل بېرىپ ئالدۇرىدىغان ۋە مۇشۇنىڭ بىلەن چوڭ سورۇنلاردا ماختىنىدىغان؛ ئەقلى كەم «دانىشمەن»لىرىمىز يازغۇچى، شائىرلىرىمىزنىڭ قان ـ تەرىنىڭ مېۋىسى بولغان كىتابنىڭ قەدرىگە قانچىلىك يېتىپ كېتەر؟

بىر پارچە كىتاب ئاپتورنىڭ قولىدىن چىقىپ كىتابخاننىڭ قولىغا تەككىچە نۇرغۇن ئۆتكەللەردىن ئۆتىدۇ، ھازىر مانا مۇشۇ ئۆتكەللەرگە يەنە ئەسلىدە ھاجەتسىز، ئەمەلىيەتتە بولسا ئەڭ مۇھىم، يېڭى بىر ۋە قىيىن بولغان ــ تىراژ توپلاش ئۆتكىلى كېلىپ قوشۇلدى. يازغۇچى، شائىرلار ئۆزىنىڭ يۈرەك قېنى بىلەن يېزىپ چىققان مەنىۋى ئەمگىكى ئارقىلىق ئەلگە مەشھۇر بولۇش ئورنىغا، كىتاب يازغان گۇناھىغا نەمۇنە دوقۇرۇپ، نەشرىيات مۇھەررىرلىرىگە، كىتابخانا باشلىقلىرىغا، مەكتەپ مۇدىرلىرىغا، ھەتتا نۆۋەتچى كەلسە

قوشنا- قولۇملارغا، يېقىن-يورۇقلىرىغا بېرىلىپ سازايى بولىدىغان بولدى. بىزدە شۇنداقمۇ قۇسۇرچى، گەپدان ئادەملەر باركى، بىر ناۋاي ئۆمۈر بويى خامسۇق يا بولمىسا تارىشىدەك قاتتىق نان يېقىپ ساتسا بىر ئېغىز گەپ قىلماي موكۇلدىتىپ يەيدۇكى، بىرەر قەلەمكەش كىتابىغا ئىراژ تاپالماي قالغىنىنى ئاڭلىسا «هازىر كىتاب ئوقۇيدىغان كىم بار؟»، «ياخشى يازالمىغاندىكىن هالىغا بېقىپ ئىش قىلسا بولمامدۇ» دېگەندەك گەپلەرنى قىلىپ، بىراۋنىڭ ئەمگىكىنى ئۆز مەيلىچە يوققا چىقىرىدۇ. راست، يېزىقچىلىق مۇشكۇل ئەمگەك، خاسىيەتلىك ئىش، ئۇ قەلەم ئىگىسىدىن يۈكسەك تالانت ۋە ئىزدىنىشلەرنى تەلەپ قىلىدۇ. بۇ نۇقتىدىن ئالغاندا، سەۋىيىسىز، كىتابخانلارغا ئېسىل روھىي ئوزۇق ئاتا قىلالمايدىغان كىتابلارنىڭ چىقىمغىنى، كىشلەرنىڭ ۋاقتى، زېھنىي كۈچى ۋە پۇلىنى ئىسراپ قىلمىغىنى ياخشى. لېكىن تالانتلىق، هۆرمەتلىك ئاپتورلارنىڭ كىتابلىرىنىڭ ئەھۋالىمۇ بىر تاياقتا ھەيدىلىپ كېتىۋاتقانلىقىنى ئويلىغىنىمىزدا، يەنىلا ئۆز خەلقىمىزگە، دوستلىرىمىزغا، كىتابخانلىرىمىزغا كىتاب ئوقۇشنى، ئۆز تارىخ-مەدەنىيىتىمىزنى سۆيۈشنى، كلاسسىك ئەدەبىياتىمىزنى، جاھان ئەدەبىياتىنىڭ دۇردانىلىرىنى سۆيۈشنى، ئۇنىڭدىن بەتەپسىل خەۋەردار بولۇشنى تەۋسىيە قىلىمىز. خۇددى ۋىكتور گيۇگو ئېيتقاندەك، كىتاب ئوقۇشنى «خەلقنى مەرىپەتلىك قىلىش، ئۇنى ئەخلاقىي جەھەتتىن يۈكسەلدۈرۈش» دەپ چۈشىنىشنى ئۈمىد قىلىمىز. ئىشىنىمىزكى، شائىر ئېيتقاندەك:

«ياخشىكەن دەيسەن بىلىپ سەنمۇ كىتابنى بىر كۈنى،
دەل قەلەمكەشلەر ئىكەن دەيسەن كۆڭۈلنىڭ چولپىنى.
چۈنكى تاپقانمىز كىتابلاردىن ئەقىلنىڭ كۆركىنى،
يىغلىساق يىغلايلى تەڭ، كۈلسەك كۈلۈپ تەڭ كۈلكىنى،
باشقا كۈن چۈشكەندە ئەسقاتقان كىتابخان، قايدىسەن؟»

دېگەندەك بىر ياخشى كەيپىيات، كىتابقا بولغان مۇھەببەت، ئېتىقاد، ئىنتىلىش خەلقىمىز ئارىسىدا جەزمەن ئومۇملىشىدۇ، يىلتىز تارتىدۇ، مېۋە بېرىدۇ، ئەجدادلىرىمىزنىڭ بىلىمنى، كىتابنى سۆيۈشتەك بۈيۈك خىسلىتى ھەرگىز يېرىم يولدا ئۈزۈلۈپ قالمايدۇ.

3

گاھىدا ئويلاپ قالىمەن: بىز زادى قاچاندىن بېرى كىتابنى ئانچە ئوقۇمايدىغان بولۇپ قالدۇق؟ «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» دېيىدىغان ئەسەبىي ھەرىكەت باشلانغاندا مەن 12 ـ 13 ياشلىق بالا ئىدىم. مەن تونۇيدىغان چوڭلار ۋە ئۇرۇق-تۇغقانلار ئىچىدە كىتاب ئوقۇيدىغانلار كۆپ ئىدى، ئۇلار جەم بولغان سورۇنلاردا دائىم كىتابنىڭ پارىڭى بولاتتى. مەن بارغان ئۆيلەرنىڭ ھەممىسىدىلا كىتاب ئىشكاپلىرى، ھەر خىل كىتابلار بولاتتى. كېيىن كىتابلار كۆيدۈرۈلدى. ئەمما جېنىنى ئالقانغا ئېلىپ تۇرۇپ يوشۇرۇپ قېلىنغان، لاۋۇلداپ كۆيۈۋاتقان ئوت ئىچىدىن تارتىپ ئېلىنغان، پۇچۇلغان كىتابلار ساقلىنىپ قېلىۋەردى. 20 ياش مەزگىللىرىمدە بىز بىر توپ ساۋاقداش كىتاب سارىڭى ئىدۇق. يىراق تاغ ئارىلىرىدا «زىيالىي ياش» بولۇپ يۈرگىنىمىزدە ئۆزئارا كىتابتىن تەسەللىي تاپاتتۇق. يادىمدا بار، «كۆكۈيۈن»، «چالىقۇشى»، «ئات ئۈستىدە كېسىلگەن باش»، «ھالاكەت» قاتارلىق كىتابلارنى بىز ئايلاپ- ئايلاپ سىلاۋيان يېزىقىدىن ئۇيغۇر كونا يېزىقىغا ئۆزگەرتىشىپ كۆچۈرگەندۇق. بۇ قولىيازمىلار قولدىن قولغا ئۆتۈپ، ئەتىۋارلىنىپ، يىراق-يىراق جايلارنى ئايلىنىپ كەلگىچە چەت- چۆرىلىرى تېتىلىپ كېتەتتى. بىز كىتابلارسىز بۇ ھاياتنى مەنىسىز ھېس قىلاتتۇق. ماكسىم گوركىي «مەن ئاچ كىشلەر نانغا ئىنتىلگەندەك، كىتابقا ئىنتىلىمەن» دېگەندەك، بىزمۇ كىتابقا شۇنداق ھېسسىياتتا ئىدۇق. شۇ چاغلاردا خاتىرە دەپتىرىمگە ئالاھىدە چوڭ قىلىپ كۆچۈرۈپ قويغان، گوركىينىڭ «ئاليوشا، سەن باي بولساڭ نېمە قىلاتتىڭ، ــ مەن كىتاب سېتىۋالاتتىم» دېگەن سۆزى تا ھازىرغىچە ساقلانماقتا.

بۇ گەپلەرنى سەۋەبسىز قىلىۋاتقىنىم يوق. 1994-يىلى ئۈرۈمچىگە يىغىن مۇناسىۋىتى بىلەن بېرىپ قالغىنىمدا، بىرنەچچە ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىسىنىڭ ياتىقىدا بىر سائەتچە ئولتۇرۇپ قالدىم، بىر تونۇشۇم مەندىن ئالىي مەكتەپتىكى ئوغلىغا خەت، خالتا ئەۋەتكەنىدى. ھېلىقى ئوقۇغۇچىلار قىرقىپ قويغاندەك تەكشى، 18 ـ 19 ياشلاردىكى، كىشىنىڭ مەسلىكى كەلگۈدەك يىگىتلەر ئىدى. ئۇلارنىڭ گەپلىرىگە تىنچ قۇلاق سالدىم، ھەر توغرىدا گەپلەر بولدى، بىراق كىتابنىڭ پارىڭى زادىلا بولمىدى. ئۆيچۆرىگە كۆز سالسام، دېرىزىدە، تام بۇلۇڭىدا قۇرۇق بوتۇلكىلارلا تۇراتتى، ئەمما كۆزگە چېلىققىدەك بىرەر پارچە كىتاب كۆرۈنمەيتتى. ئاخىر ئىچىم پۇشۇپ كىتاب توغرىسىدا سۆز ئاچتىم. كارىۋىتىدا ياماشلاپ ياتقان بىر يىگىت تولىمۇ

تېز ئىنكاس بىلەن «كىتاب ئوقۇيدىغانغا نەدە چولا دېيىسىز ئاكا، ئۆزىمىزنىڭ دەرسلىك كىتابلىرىمىزنى تولۇق كۆرۈپ چىقىشىمۇ خۇش ياقمايدۇ» دەپ جاۋاب بەردى. ئۇنۇم ئىچىمگە چۈشۈپ كەتتى.

ئالىي مەكتەپ ــ ئالىي بىلىملەرنىڭ ئوچىقى، مەرىپەتنىڭ خەزىنىسى. مىللەتنىڭ سەرخىل ئىلىم ئەھلىلىرى شۇ يەردىن يېتىشىپ چىقىدۇ. ئالىي مەكتەپ دېگەندە دەستە- دەستە، قۇچاق-قۇچاق كىتابلار، قىزغىن بەس-مۇنازىرىلەر، جۇشقۇن، تەلەپچان زىيالىيلار كۆز ئالدىمىزغا كېلىدۇ. مىگبىر مۇشەققەتتە پەرزەنتلىرىنى شۇ بىلىم باغچىسىغا ئەۋەتكەن، ئۆزلىرى يېمەي-ئىچمەي، يىغىپ-تۆشەپ «كۆز قارىچۇقلۇرۇمنى ئالىي بىلىم يۇرتىدا ئوقۇتۇۋاتىمەن» دەپ ئىپتىخار بىلەن مەيدە كېرىپ يۈرگەن بايقۇش ئاتا-ئانىلارنىڭ ئالدىغان جاۋابى شۇ بولىدىغان بولسا، ھەممىمىزنىڭ ھالىغا ۋاي!

«بىز نېمىشقا كىتاب ئوقۇمايمىز؟» ناملىق ماقالە قىسقا ئەمما ھېسسىياتلىق يېزىلغان. ئۇنىڭدا دېيىلگەن ئىشلارنى بىز «يوق» دېيەلمەيمىز. «دوستلار، «بىلىمسىزلىك ــ نادانلىق» ئەمەسمۇ؟ «نادانلىق قالپىقىنى قاچانغىچە كىيىمىز؟» ماقالە شۇنداق ئاياغلاشقان، يۇقىرىقىلارنى ئوقۇپ بولۇپ، يەنە خىيالغا چۆكتۈم. مۇشۇنداق جايىدا يېزىلغان ماقالىنى، مۇشۇنداق ياخشى گەپلەرنى قانچىلىك ئادەم ئوقۇپ چىقار؟ بىز دەۋاتقان، ئاشۇ كىتاب ئوقۇمايدىغان دوستلىرىمىز، بۇرادەرلىرىمىز، ئىنى-سىڭىللىرىڭىز ئوقارمۇ؟ تەسىرلىنىپ خىيالغا چۆمەرمۇ؟ يا بولمىسا «ئۆزۈڭ يەپ، ئۆزۈڭ داڭلا» دەپ ماقالىنى يازغان ئاپتور بىلەن تەھرىر بۆلۈمىدىكى مۇھەررىرلەرلا ئوقۇپ قالارمۇ؟

كىتاب ئوقۇش، كىتابقا قىزغىنلىق ــ بىر مىللەتنىڭ تەرەققىياتىنى، ساپاسىنى ئۆلچەيدىغان ئۆلچەملەرنىڭ بىرى. بىر پەيلاسوپ ئېيتقان: «بىر جاينىڭ كۇتۇپخانىسىنىڭ قانداقلىقىغا قاراپ، شۇ جاينىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتىنى ۋە مەدەنىيەت سەۋىيىسىنى بىلگىلى بولىدۇ» دېگەن بىر مەشھۇر سۆز بار. بۇ يەردىمۇ گەپ ئاساسەن كىتاب ھەققىدە، كىتاب بىلەن كىتابخان مۇناسىۋىتى توغرىسىدا بولۇۋاتىدۇ. ئاڭلىشىمچە، دانىيىلىكلەر دۇنيا بويىچە كىتابقا ئەڭ ھېرىسمەن ئىكەن. ئۇلار ئاپتوبۇستا كېتىۋېتىپمۇ كىتاب ئوقۇيدىكەن. ئۇلاردا كىشى بېشىغا توغرا كېلىدىغان كىتاب سانى ئىككى خانىلىقتىن كەم ئەمەس ئىكەن. ئۆتكەندە شىنجاڭ ياشلار-ئۆسمۈرلەر نەشرىياتىدىكى يولداشلار شىنجاڭ بويىچە ئۇيغۇرلاردا كىشى بېشىغا توغرا كېلىدىغان كىتاب سانىنى ستاتىستىكا قىلىپ چىقىپتۇ. ئەپسۇس، سانى تولۇقى بىلەن يادىمدا قالماپتۇ. ئەمما ئېسىمدە تۇرغىنى مۇنداق: ئوتتۇرىچىدە ئون نەچچە كىشىگە بىر كىتاب، قەشقەردە 50نەچچە كىشىگە بىر كىتاب، ئىلىدا 70 نەچچە كىشىگە بىردىن كىتاب توغرا كېلىدىكەن.

قىزىق ئىش، بىر شەھەردە كىتابخانا بىلەن كۇتۇپخانىدىن بىر-ئىككىسىلا بار-يوق، كىرىدىغان ئادەمنىڭ تايىنى يوق، نەچچە يۈزلىگەن دۇكانلاردا بولسا ئادەم پاتماي، دۈۋرەپ يۈرگىنىگە ھەيرانمەن. بورت، قارتا، ماجاڭ، ئېلېكترونلۇق ئويۇنچۇق، دوقمۇشلاردىكى دۆلەت سوقۇلىدىغان قوروق پاراڭ ۋە بىلەت ئالمايدىغان جېدەل- ماجىرا تاماشىلىرى ئەتراپىدا دۈۋىلىنىپ يۈرگەنلىرىمىزنى ئېيتمايمىز تېخى! شۇ كىشىلەرنىڭ ئارىسىدا «ئەتراپىمدا ئۆزلىرىنىڭ بوش ۋاقىتلىرىنى قانداق ئۆتكۈزۈشنى بىلەلمەي ئەڭ بىمەنە ئىش ۋە ئويۇن- كۈلكىلەرنى ئويلاپ تېپىۋاتقان كىشىلەرنى كۆرىدىكەنمىز، قولۇمغا كىتاب ئالىمەن-دە، ئۆز-ئۆزۈمگە يالغۇز مۇشۇنىڭ ئۆزىلا ئۆمۈر بويى كۇپايىغۇ! دېيمەن» (دوستويېۋسكىي) دەپ ئويلايدىغانلار قانچە كۆپەيسە شۇنچە ياخشى بولاتتى.

كىتاب ئوقۇش شۇنچىۋالا مۇھىم ۋە ئەھمىيەتلىك ئىشمۇ؟ كىتاب ئوقۇماستىن بۇ دۇنيادا زادى كۆڭۈلدىكىدەك ياشىغىلى بولمامدۇ؟ بۇ سوئاللارغا جاۋاب تېپىشنى، جاۋاب بېرىشنى ئەقىللىك كىتابخانلارنىڭ ئۆزىگە قالدۇرۇپ، چىن قەلبىمدىن شۇ بىر سۆزنىلا ئېيتقۇم كېلىدۇ: دوستلىرىم، بۇ دۇنيادا ھېچقانداق ئىش ۋە سەۋەب بىزنىڭ كىتاب ئوقۇماسلىقىمىزغا باھانە بولالمايدۇ!

ئەزىز دوستلار، كىتابنى سۆيەيلى، كىتابنى دوست تۇتايلى. دۇنيادا تېخىمۇ كۆڭۈللۈكرەك ياشاش ئۈچۈن كىتاب ئوقۇيلى. ئۆزىمىزنىڭ قەدىر- قىممىتىنى تونۇپ ياشاش ئۈچۈن كىتاب ئوقۇيلى، ئاق -قارىنى پەرق ئېتىش ئۈچۈن كىتاب ئوقۇيلى، ئەجدادلىرىمىزنىڭ بولسىمۇ يەر روھىنى خوش قىلىش ئۈچۈن كىتاب ئوقۇيلى، دۇنيادىكى ھەرقايسى مىللەتلەر بىلەن تەڭ قاتار ياشاش ئۈچۈن كىتاب ئوقۇيلى، ئەۋلادلىرىمىزنىڭ تېخىمۇ بىلىملىك ۋە ئىقتىدارلىق بولۇپ يېتىلىشى ئۈچۈن كىتاب ئوقۇيلى!

(ئاپتور: ئىلى ۋىلايەتلىك مەدەنىيەت باشقارمىسىدا)

# ئازسانلىق مىللەتلەرنىڭ قوش تىللىق بولۇشى توغرىسىدا

● خالىق نىياز، مۇھەببەت قاسىم ●

تىل ـ يېزىق ئىنسانلارنىڭ ئالاقە قورالى، شۇنداقلا مىللەتلەر تەرەققىياتىنىڭمۇ قورالى. ھەر مىللەت خەلقى ئۆز تۇرمۇشىنىڭ ھەممە ساھەسىدە ئۆزلىرى بىلىدىغان تىل-يېزىقتىن ئايرىلالمايدۇ، يەنى مىللەتنىڭ سىياسىي، ئىقتىسادىي، مەدەنىيەت تەرەققىياتىدا، مىللەت ئەزالىرىنىڭ زېھىن بۇلىقىنى ئېچىپ، مىللەتنىڭ پەن ـ مەدەنىيەت ساپاسىنى ئۆستۈرۈشتە تىل ـيېزىقتىن ئايرىلىش مۇمكىن ئەمەس. تىل-يېزىق مىللەتنىڭ مۇھىم بىر بەلگىسى بولغاچقا، ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ ئۆز تىل-يېزىقىغا چوڭقۇر ھېسسىياتى بولىدۇ، شۇڭا ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ تىل-يېزىق ھوقۇقىغا ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىدۇ.

مىللەتلەر باراۋەرلىكى ۋە تىل باراۋەرلىكىدە چىڭ تۇرۇش، مىللىي زۇلۇم ۋە مىللىي كەمسىتىشكە قارشى تۇرۇش ـــ پارتىيىمىز ۋە دۆلىتىمىزنىڭ مىللىي مەسىلىلەرنى ھەل قىلىشتىكى ئىزچىل سىياسىتى، شۇنىڭدەك ماركسىزملىق مىللەت نەزەرىيىسىنىڭ ئاساسىي پرىنسىپى. پارتىيىمىز ۋە دۆلىتىمىز ماركسىزمنىڭ مىللەتلەر باراۋەرلىكى ۋە تىل باراۋەرلىكى پرىنسىپىدا چىڭ تۇرۇپ، ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ ئۆز تىل-يېزىقىنى قوللىنىش ۋە تەرەققىي قىلدۇرۇش ئەركىنلىكىنى ئىزچىل تەشەببۇس قىلدى ۋە ئۇنىڭدا چىڭ تۇرۇپ كەلدى. پارتىيىمىز ۋە دۆلىتىمىزنىڭ مىللەتلەر تىل-يېزىقى ھەققىدىكى سىياسىتى دۆلىتىمىزنىڭ ئاساسىي قانۇنى ۋە باشقا مۇناسىۋەتلىك قانۇنلىرىدا ئەكس ئەتتۈرۈلدى. ئەمدى بىز ئاساسىي قانۇن ۋە باشقا مۇناسىۋەتلىك قانۇنلاردىكى بەلگىلىمىلەرگە ئاساسەن، ئازسانلىق مىللەتلەرنىڭ ئۆز تىل-يېزىقىنى قوللىنىش، تەرەققىي قىلدۇرۇش ئەركىنلىكى بىلەن خەنزۇ تىل ـ يېزىقىنى ئۆگىنىش، قوللىنىش زۆرۈرلۈكى يەنى قوش تىللىق بولۇش ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت ئۈستىدە قىسقىچە توختىلىپ ئۆتىمىز.

## 1. قانۇنلاردىكى بەلگىلىمىلەر

«جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ ئاساسىي قانۇنى»نىڭ 4 ـ ماددىسىدا: «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىدىكى ھەممە مىللەت باپباراۋەر. دۆلەت ئازسانلىق مىللەتلەرنىڭ قانۇنغا مۇۋاپىق ھوقۇقىغا ۋە مەنپەئەتىگە كاپالەتلىك قىلىدۇ. مىللەتلەرنىڭ باراۋەرلىك، ئىتتىپاقلىق، ھەمكارلىق مۇناسىۋىتىنى قوغدايدۇ ۋە راۋاجلاندۇرىدۇ. ھەرقانداق مىللەتنى كەمسىتىشنى ۋە ئېزىشنى مەنئى قىلىدۇ؛ مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى بۇزىدىغان ۋە مىللىي بۆلگۈنچىلىك قىلىدىغان ھەرىكەتلەرنى مەنئى قىلىدۇ... مىللەتلەرنىڭ ھەممىسى ئۆز تىل-يېزىقىنى قوللىنىش ۋە تەرەققىي قىلدۇرۇش ئەركىنلىكىگە، ئۆزلىرىنىڭ ئۆرپ-ئادەتلىرىنى ساقلاپ قېلىش ياكى ئىسلاھ قىلىش ئەركىنلىكىگە ئىگە» دېيىلگەن.

«ئاساسىي قانۇن»دىكى بۇ بەلگىلىمىلەر «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنى»نىڭ 10 ـ، 36 ـ، 49 ـ ماددىلىرىدا تېخىمۇ ئېنىق سۆز-جۈملىلەر ۋە تەدبىرلەر بىلەن كونكرېتلاشتۇرۇلغان.

«ئاساسىي قانۇن»دا ۋە باشقا ئالاقىدار قانۇنلاردا گەرچە ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ ئۆز تىل-يېزىقىنى قوللىنىش ۋە تەرەققىي قىلدۇرۇش ئەركىنلىكى بارلىقى بەلگىلەنگەن بولسىمۇ، ئەمما مەملىكىتىمىزدىكى ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ تىل-يېزىق ئەھۋالى ئوخشىمايدۇ، بەزى مىللەتلەرنىڭ تىلىمۇ بار، يېزىقىمۇ بار، بەزى مىللەتلەرنىڭ تىلى بار، يېزىقى يوق، بەزى مىللەتلەرنىڭ تىلىمۇ يوق، يېزىقىمۇ يوق. دېمەك، قانۇندا بەلگىلەنگەن ئەركىنلىكتىن بەھرىمەن بولۇش ئۈچۈن، ئالدى بىلەن تىل ـ يېزىقى ياكى تىلى بولۇشى كېرەك. ئەگەر بولمىسا، باشقا مىللەتلەرنىڭ تىلى ياكى يېزىقىنى ئىشلىتىشكە توغرا كېلىدۇ. تىلى ياكى يېزىقى يوق مىللەتلەر ئۈچۈن قايسى مىللەتنىڭ تىلىنى ياكى يېزىقىنى ئىشلىتىش شۇ مىللەتنىڭ ئەركىنلىكى بولۇپ، يەنە ئوخشاشلا قانۇندا بەلگىلەنگەن ئەركىنلىكتىن بەھرىمەن بولغانلىق ھېسابلىنىدۇ. قانۇندا ھەرقايسى مىللەتلەرگە ئۆز تىل ـ يېزىقىنى ئىشلىتىش ۋە تەرەققىي قىلدۇرۇش ئەركىنلىكى بېرىلگەنىكەن، ھەرقايسى مىللەتلەر بولۇپمۇ تىل-يېزىقى بار مىللەتلەر بۇ ئەركىنلىكنى قەدىرلىشى، ئۆز تىل-يېزىقىنى قانۇندا بەلگىلەنگەن دائىرىدە تولۇق قوللىنىشى ۋە ئىمالىنىڭ بارىچە ئۆز تىل ـ يېزىقىنى مۇكەممەللەشتۈرۈشى، قېلىپلاشتۇرۇشى كېرەك.

بىر مىللەتنىڭ ئۆز تىل ـيېزىقىنى قوللىنىش-قوللانماسلىقى، تەرەققىي قىلدۇرۇش-قىلدۇرماسلىقى شۇ مىللەتنىڭ ئارزۇسىغىلا باغلىق بولۇپ قالماستىن، بەلكى تولا چاغلاردا جەمئىيەت تەرەققىياتىنىڭ يۈزلىنىشىگىمۇ باغلىق بولىدۇ. جەمئىيەت تەرەققىياتى جەريانىدا، مەسىلەن، مەملىكىتىمىزنىڭ زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى جەريانىدا ئىگىلىكنىڭ تەرەققىياتى، پەن-تېخنىكا تەرەققىياتى، مائارىپ تەرەققىياتى، شۇنىڭدەك مىللەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى ئالاقىنىڭ

كۆچىيىشى، قاتناشنىڭ راۋانلىشىشى، مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇش ۋە تىل ئۆچرىشىش جەمئىيەتلەردىكى ئۆزگىرىشلەر جەريانىدا، ھەرقايسى مىللەتلەر ئۆز تىل-يېزىقىنى بۇ خىل ئۆزگىرىش ۋە تەرەققىياتقا ماسلاشتۇرۇپ، ياكى ئۆز تىل-يېزىقىنىڭ ئىجتىمائىي رولىنى داۋاملىق جارى قىلدۇرۇپ داۋاملىق قوللىنىشى مۇمكىن ياكى باشقا تىللارنى بىللە قوللىنىشى مۇمكىن، ۋە ياكى باشقا تىللارغا كۆچۈپ كېتىشى مۇمكىن. شۇڭا، مەيلى ئۆز تىل-يېزىقىنى قوللىنىش بولسۇن، مەيلى باشقا تىللارنى بىللە قوللىنىش بولسۇن، مەيلى باشقا تىللارغا كۆچۈپ كېتىش بولسۇن، ھەممىسى قانۇندا بەلگىلەنگەن تىل-يېزىق ئەركىنلىكى دەپ قارىلىشى لازىم.

قانۇندا بەلگىلەنگەن تىل-يېزىق ئەركىنلىكى يالغۇز مىللەتكىلا ئەمەس، بەلكى ھەرقايسى مىللەت ئەزالىرىغىمۇ تەۋە. مەلۇم بىر مىللەت ئەزاسىنىڭ ئۆز تىل-يېزىقىنى قوللىنىش ئەركىنلىكى بولىدۇ، شۇنىڭدەك ئۆز تىل-يېزىقىغا قوشۇپ، باشقا تىل -يېزىقىنى ئۆگىنىش ۋە قوللىنىش ئەركىنلىكىمۇ بولىدۇ، ياكى ئۆز تىل-يېزىقىنى قوللانماي باشقا مىللەت تىل-يېزىقىنى ئۆگىنىش ۋە قوللىنىش ئەركىنلىكىمۇ بولىدۇ. ئەلۋەتتە، شەخسلەرنىڭ قايسى خىل تىل -يېزىقنى ئىشلىتىشى جەمئىيەت شارائىتى يەنى ئۆزى ياشاۋاتقان مۇھىتتىكى تىل شارائىتى، ئائىلە شارائىتى، مەكتەپ شارائىتى، خىزمەت شارائىتى قاتارلىقلار تەرىپىدىن بەلگىلەنگەن بولىدۇ.

«ئاساسىي قانۇن»نىڭ 19-ماددىسىدا تىل سىياسىتىنىڭ يەنە بىر مەزمۇنى ئەكس ئەتتۈرۈلۈپ: «دۆلەت مەملىكەت بويىچە ئىستېمال قىلىنىدىغان پۇتۇڭخۇانى ئومۇملاشتۇرىدۇ» دېيىلگەن.

## 2. تىللارنىڭ ئىجتىمائىي رولى جەھەتتىكى پەرقى

مەلۇماتلارغا قارىغاندا، ھازىر دۇنيادىكى 200 نەچچە دۆلەتتە 5000 خىلدىن ئارتۇق تىل بار ئىكەن. دۇنيادىكى تىللار ئىجتىمائىي رولىغا ئاساسەن، ئادەتتە ئالتە تۈرگە بۆلىنىدۇ: دۇنيا خاراكتېرلىك خەلقئارا تىل، رايون خاراكتېرلىك خەلقئارا تىل، دۆلەت مىقياسىدىكى مىللەت ئارا تىل، رايون مىقياسىدىكى مىللەت ئارا تىل، مىللىي تىل، دىئالېكت. بەزىدە خەلقئارا تىل، رايون ئارا تىل، مىللەت ئارا تىل، مىللىي تىل دەپ تۆت خىلغىمۇ بۆلۈنىدۇ. مەيلى قايسى خىل تۈرگە ئايرىلسۇن، تىللارنىڭ ھەرقايسىسىنىڭ ئىشلىتىلىش دائىرىسى ۋە ئىجتىمائىي ئورنى بولىدۇ. ھەرقايسىسى ئىشلىتىلىش دائىرىسى ۋە ئىجتىمائىي ئورنى جەھەتتە ئۆز ئالدىغا رول ئوينايدۇ، بىرىنىڭ ئورنىنى بىرى ئالالمايدۇ.

بىز ئۆزىمىزگە بىۋاستە مۇناسىۋەتلىك بولغان ئۇيغۇر تىلى ۋە خەنزۇ تىلىنى مىسالغا ئېلىپ كۆرسەك، تىللارنىڭ ئىجتىمائىي رولى جەھەتتىكى پەرقىنى ئېنىق كۆرۈۋالالايمىز. ئۇيغۇر تىلى ئالدى بىلەن ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ ئانا تىلى، شۇنىڭدەك شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ خىزمەت تىلىدىن بىرى. دېمەك، ئۇ ھەم مىللىي تىل، ھەم رايون مىقياسىدىكى مىللەتلەر ئارا تىل. خەنزۇ تىلى ئالدىبىلەن خەنزۇ مىللىتىنىڭ ئانا تىلى، شۇنىڭ بىلەن بىللە ئۇ مەملىكىتىمىزدىكى ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ ئورتاق ئالاقە قورالى سۈپىتىدە خىزمەت قىلىدىغان دۆلەت مىقياسىدىكى مىللەت ئارا تىل، ئۇ يەنە خەنزۇ تىل-يېزىقى ۋە مەدەنىيەت چەمبىرىكى دائىرىسىدە ئىشلىتىلىدىغان رايون مىقياسىدىكى خەلقئارا تىل، ئەڭ مۇھىمى ئۇ دۇنيا بويىچە ئىشلىتىلىدىغان نوپۇس سانى ئەڭ كۆپ بولغان خەلقئارا تىللارنىڭ بىرى. (بۇنىڭ مۇھىم بەلگىسى خەنزۇ تىلى ب د ت نىڭ خىزمەت تىللىرىنىڭ بىر سۈپىتىدە قوللىنىلىدۇ.) ئىشلىتىلىش دائىرىسى جەھەتتىمۇ، ئىشلىتىلىدىغان نوپۇس سانى جەھەتتىمۇ، خەنزۇ تىلى مەملىكىتىمىزدىكى ھەرقانداق ئازسانلىق مىللەت تىلىدىن زور ئەۋزەللىككە ئىگە.

ئۇيغۇر تىلىنىڭ مىللىي تىل ۋە رايون مىقياسىدىكى مىللەت ئارا تىلى بولالىشى ئۇنىڭ ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ سىياسىي، ئىقتىسادىي، پەن-مەدەنىيەت ۋە ئىجتىمائىي تۇرمۇشىدا ئويناۋاتقان رولى تەرىپىدىن بەلگىلەنگەن ۋە ئۇنىڭ ئاپتونومىيە خىزمەت تىلى قىلىپ بېكىتىلىشى تارىخىي يوسۇندا شەكىللەنگەن. خەنزۇ مىللىتىنىڭ مەملىكىتىمىزنىڭ سىياسىي، ئىقتىسادىي، پەن-مەدەنىيەت جەھەتتىكى ئۈستۈنلۈكى ۋە خەنزۇ مىللىتىنىڭ نوپۇس جەھەتتىكى مۇتلەق ئۈستۈنلۈكى خەنزۇ تىلىنىڭ مەملىكىتىمىزدىكى ئازسانلىق مىللەتلەر ئورتاق قوللىنىدىغان مىللەت ئارا تىل سالاھىيىتىگە ئىگە بولۇشىنى بەلگىلىگەن.

تىل - يېزىققا ئائىت مەسىلىلەر توغرىسىدا ئويلانغاندا، تىللار ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتلەرنى تەكشۈرۈپ ۋە بۇ ھەقتە تەدبىر تۈزگەن ۋە قوللانغاندا، تىللارنىڭ ئىجتىمائىي رولى جەھەتتىكى پەرقلەرنى توغرا ئىگىلەش ۋە ئۇنىڭغا توغرا مۇئامىلە قىلىشقا توغرا كېلىدۇ. ئازسانلىق مىللەتلەرنىڭ ئۆز تىل - يېزىقىنى قوللىنىش ۋە تەرەققىي قىلدۇرۇش ئەركىنلىكىنى بىر تەرەپلىمە ھالدا تەكىتلەپ، مىللەتلەر تىل-يېزىقىنىڭ ئىجتىمائىي رولى جەھەتتىكى پەرقىگە كۆز يۇمۇۋالغاندا، ئازسانلىق مىللەتلەر بېكىنمە ھالەتتە قالىدۇ، ئاخىرقى ھېسابتا تىل جەھەتتىكى بېكىنمىچىلىك مىللەت تەرەققىياتىغا توسقۇنلۇق ئېلىپ كېلىدۇ. خەنزۇ تىل-يېزىقىنىڭ ئىجتىمائىي رولىنى بىر تەرەپلىمە ھالدا تەكىتلەپ، ئازسانلىق مىللەت تىل -يېزىقىنىڭ

مىللەت تەرەققىياتىدا باشقا تىللار ئورنىنى باسالمايدىغان مۇھىم رولغا سەل قارىغاندا، تىل تەرەققىياتىنىڭ قانۇنىيىتىگە خىلاپ بولغان ئېغىشلار كېلىپ چىقىدۇ، ئۇمۇ ئوخشاشلا مىللەت تەرەققىياتىغا توسقۇنلۇق ئېلىپ كېلىدۇ.

تېلېفون، تېلېگرامما، ئۇنئالغۇ، تېلېفاكس ۋە كومپيۇتېرنىڭ كەشىپ قىلىنىشى نەتىجىسىدە بىلىم، ئاخبارات ئۇچۇرلىرى قاتارلىقلار مىسلىسىز كۆلەمدە ۋە تېز سۈرئەتتە تارقىلىدىغان بولدى. شۇنىڭ بىلەن، ئىنسانىيەت ئۇچۇر دەۋرىگە قەدەم قويدى. بۈگۈنكى دۇنياغا نەزەر سالساق، دۇنيا ئاھالىسىنىڭ يېرىمىدىن كۆپرەكى قوش تىللىق ياكى كۆپ تىللىق شەخسلەردىن بولۇپ قالدى. «كۆپ تىللىق ھادىسە پۈتۈن دۇنيادىكى مىليونلىغان ـ يۈز مىليونلىغان كىشىلەرنىڭ تەبىئىي تۇرمۇش شەكلى بولۇپ قالدى».

دېمەك، قوش تىللىق ياكى كۆپ تىللىق بولۇش ئازسانلىق مىللەتلەرنىڭلا ئىشى ئەمەس. بىز تەرەققىي قىلغان ئەللەرنىڭ ئىختىساس ئىگىلىرىگە قويغان تەلىپىگە، ئۇلارنىڭ ھەر دەرىجىلىك ماتېرىيالنى ئانا تىل ۋە چەت ئەل تىلىغا قويغان تەلىپى ۋە قوللانغان تەدبىرلىرىگە نەزەر سالساق، قوش تىللىق ياكى كۆپ تىللىق بولۇش شەخسلەرنىڭ مەدەنىيەت ساپاسىنىڭ مۇھىم بەلگىسى ئىكەنلىكىنى كۆرۈۋالالايمىز.

ئۇيغۇرلار ئۇزاق تارىختىن بۇيان، كۆپ خىل مەدەنىيەت، كۆپ خىل مىللەتلەر بىلەن ئۇچرىشىش جەريانىدا، باشقا مىللەت تىلىنى ئۆگىنىش ۋە ئىگىلەشكە ئەھمىيەت بەرگەن. مەسىلەن، ئۇيغۇر مەدەنىيەت تارىخىدا ئۆچمەس ئىز قالدۇرغان مەھمۇت قەشقەرى ئۆز دەۋرىدىكى تۈركىي تىللارنى پىششىق بىلىپلا قالماستىن، ئەرەب، پارس تىللىرىنىمۇ ئۆز ئانا تىلىدەك پۇختا ئىگىلىگەنلىكتىن، «تۈركىي تىللار دىۋانى»نى ئەرەب تىلىدا يېزىپ چىققان. بۈگۈنكى دەۋرىمىزگە نەزەر سالساق، ئۆز ئەتراپىمىزدىلا پەن-تېخنىكا، مائارىپ، مەدەنىيەت ۋە باشقۇرۇش (رەھبەرلىك) قاتارلىق ساھەلەردە ۋەتىنىمىز ئۈچۈن، مىللىتىمىز ئۈچۈن زور تۆھپىلەرنى قوشقان شەخسلەرنىڭ ئۆز ئانا تىلىدىن باشقا، خەنزۇ تىل-يېزىقىنى پۇختا بىلىدىغانلىقىنى ھەمدە چەت ئەل تىل-يېزىقىدىنمۇ ئوبدان خەۋەردار ئىكەنلىكىنى كۆرۈۋالالايمىز.

مەسىلەن، غەرب تىبابىتى، جۇڭگو تىبابىتى، ئۇيغۇر تىبابىتىنى بىرلەشتۈرۈپ، زور مۇۋەپپەقىيەتلەرگە ئېرىشكەن ياش ئالىم خالمۇرات يالغۇز ئۇيغۇر تىلىنىلا ئەمەس، خەنزۇ تىلىنى، رۇس تىلىنى پىششىق بىلىدۇ ۋە ئۇلارنى خىزمەت تىلى قاتارىدا ئىشلىتەلەيدۇ. بۇ ئۈچ تىل ياش ئالىمىمىزنىڭ ئۈچ خىل تىبابەتنى پۇختا بىلىشىگە ۋە ئۇلارنى بىرلەشتۈرەلىشىگە ئاساس بولغان، شىنجاڭ بويىچە ئون مۇنەۋۋەر ياشنىڭ بىرى، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى تاشپولات كىچىكىدىن ئۇيغۇر مەكتىپىدە ئوقۇغان، ئالىي مەكتەپكە كىرگەندىن كېيىن خەنزۇ تىلىنى تىرىشىپ ئۆگەنگەن. ئوقۇغۇچى ۋاقتىدا ۋە خىزمەتكە قاتناشقاندىن كېيىن ئۆز كەسپىگە بىرلەشتۈرۈپ ئىنگلىز تىلى ئۆگەنگەن. كېيىن ياپون تىلىنىمۇ ئۆگىنىپ، ياپونىيىدە جۇغراپىيە ئىلمى بويىچە دوكتورلۇق ئۇنۋانىغا ئېرىشكەن. ئانا تىلىدىن باشقا خەنزۇ تىلى ۋە چەت ئەل تىلىنى بىلىدىغان ۋە بىلىشكە ئىنتىلىۋاتقان ۋە بۇ ئارقىلىق ئۆز خىزمەتلىرىدە زور ئۇتۇقلارنى قولغا كەلتۈرۈۋاتقان ياشلار بارغانسېرى كۆپىيىۋاتىدۇ.

شۇڭا، «ئاساسىي قانۇن»دا بەلگىلەنگەن تىل-يېزىق ئەركىنلىكىدىن تولۇق بەھرىمەن بولۇپ، ئۆز تىل-يېزىقىمىزنى ياخشى ئىگىلەش ۋە قوللىنىش، بولۇپمۇ ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىنىڭ ئۆلچەملىرىنى ئىگىلەش ۋە ئومۇملاشتۇرۇش بىلەن بىللە يەنە مەملىكىتىمىزدىكى ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ ئورتاق ئالاقە قورالى بولغان خەنزۇ تىلى پۇتۇڭخۇاسىنى تىرىشىپ ئۆگىنىپ، ئۇنىمۇ ئۆزىمىزنىڭ ئۆگىنىش ۋە خىزمەت قورالى قىلىۋېلىشىمىز لازىم ھەمدە شارائىتى يار بەرگەنلەر ئانا تىل ۋە خەنزۇ تىلى ۋاستىسىدە چەت ئەل تىلىنى ئۆگىنىپ كۆپ تىللىق شەخسلەردىن بولۇشقا تىرىشىشىمىز لازىم.

## پايدىلىنىلغان ماتېرىياللار:

(1) «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ ئاساسىي قانۇنى» مىللەتلەر نەشرىياتى 1982-يىل 12-ئاي ئۇيغۇرچە 1-نەشرى.

(2) «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنى» مىللەتلەر نەشرىياتى 1984-يىل 7-ئاي 1-نەشرى.

(3) «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ مەجبۇرىيەت مائارىپى قانۇنى»

(4) جۇياۋۋېن: «تىلنىڭ ئىجتىمائىي رولىنىڭ چوڭ-كىچىكلىكى ۋە ئوقۇتۇش تىلى ئىشلىتىش قاتلىمىنىڭ يۇقىرى - تۆۋەنلىكى توغرىسىدا»، «يۇنەن مىللەتلەر تىل - يېزىقى» 1995-يىل 1-سان.

(5) ماشۆلياڭ: «تىلشۇناسلىق ھەققىدە ئومۇمىي بايان»، جەنۇبىي جۇڭگو تەبىئىي پەن-سانائەت پەنلىرى ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى، 1985-يىل نەشرى.

(6) شى ئەنشى، جەن رېنفېڭ: «تىلشۇناسلىق ھەققىدە ئومۇمىي بايان» ئالىي مائارىپ نەشرىياتى، 1988-يىل نەشرى.

(ئاپتورلار: شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى تىل-ئەدەبىيات فاكۇلتېتى ئوقۇتقۇچىلىرى)

# يىپ بازىرىدىكى پاراڭلار

● ئابدۇرۇسۇل ئابدۇراخمان ●

ئىلگىرى ھەر كۈنى كەچتە ناھىيىمىزنىڭ يىپ بازىرىدىكى دوقمۇشقا يىغىلىدىغان گەپ خۇمارلىرى تۆت كوچىدىن ئۆتكەن قىز ـ چوكانلارغا گەپ تاشلاپ، ئۇلارنى بىزار قىلسا، ياشانغانلارغا ھەر خىل لەقەملەرنى قويۇپ، جېدەل ـ ماجرانى پۇلغا سېتىۋالاتتى. ئەمدىلىكتە ئۇلار خەلقئارا ۋەزىيەت، دۆلىتىمىزنىڭ تەرەققىياتى، ناھىيىمىزنىڭ ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش جەريانىدا قولغا كەلتۈرگەن نەتىجىلىرى، ھالال ئىشلەپ باي بولغانلار ھەققىدە ھەۋەس بىلەن سۆزلىشىدىغان بولدى. ئۇلار بۇ دوقمۇشتا يىگى ئۇچۇر، تەرەققىيات توغرىسىدا بەس ـ مۇنازىرە، مۇلاھىزە قوزغاپ، ئۆز قاراشلىرىنى، تەسەۋۋۇرلىرىنى ئوتتۇرىغا قويۇشاتتى. بەزىلىرى غېرىپ ـ ئاجىز، يېتىم ـ يېسىرلارنىڭ ھال- كۈنى توغرىسىدا قايغۇرسا، بەزىلىرى مىللىتىمىزدىكى بەزى ناچار ئىللەتلەرنى ئوتتۇرىغا قويۇشۇپ قايناپ كېتىشەتتى. مەنمۇ گەپ ـ سۆزلەرنى ئاڭلاش ئۈچۈن، بىر كۈنى بۇ سورۇنغا قاتنىشىپ قالدىم. كاستۇم ـ بۇرۇلكا كىيگەن، 30 ياشلاردىكى بىر كىشى ئورنىدىن تۇرۇپ سۆز باشلىدى:

ـــ مىللىتىمىز ئىچىدىكى يامان ئىللەت تۈزۈلمىگىچە، مىللەت تۈزۈلمەيدۇ. ھازىر بەزىلەرنىڭ نەپسى تويىسىمۇ كۆزى تويمايۋاتىدۇ. ئۇلارنىڭ بەش ئەزاسى ساق، بۇقىدەك كۈچى بولسىمۇ، شەرم ـ ھايا، ئار ـ نومۇسنى قايرىپ قويۇپ، ئالدامچىلىق، كاززاپلىق يولىغا مېڭىپ، مىللىتىمىزنىڭ شەنىنى بۇلغاۋاتىدۇ. ئۇلارغا مۇۋاپىق تەدبىر قوللانماي بولمايدۇ ـــ دېدى.

ـــ ئەجەب قايناپ كەتتىڭ؟ كىمنى ئەيىبلەۋاتىسەن؟ ـــ دېدى ئارىدىن بىرى ئورنىدىن تۇرۇپ.

ـــ كىمنى بولاتتى، تىلەمچىلىك يولىغا كىرىۋالغان ئابداللارنى.

ـــ سەن خۇددى ھاكىملاردەك سۆزلەپ كەتتىڭغۇ، ئېيتە قېنى؟ ئۇلارغا قانداق تەدبىر قوللانماقچى؟!

ـــ ئۇلارنى تەكلىماكاندا يەر ئاچقۇزۇپ، باغ ئورمان بىنا قىلىپ، ھالال ئىشلەپ، ھالال ئىشلەشكە دەۋەت قىلىش كېرەك. ئورۇنسىز ئاغرىنىش، قىيداش ئورنىغا ئابداللىق يولىنى تاللىۋالغانلار بىلەن ياخشى نىيەتتە سىردىشىپ، ئۇلارنى ئالدامچىلىق، تىلەمچىلىك بولىدىن ياندۇرساق ياخشى ئەمەسمۇ، ئويلاپ كۆرۈڭلار، تىلەمچىلەر ئەسلىدە نامرات ئادەملەردىن ئەمەس، ئەمما ئۇلار ھورۇن، كاللىسى نامرات، تەمەخورلۇقتا ھېرىسمەن بولۇپ كەتكەن. بىز ئۇلارغا تەربىيە بېرىشنىڭ ئورنىغا ئۇلارنى تىللىدۇق، ئۇلاردىن سەسكەندۇق، نەپرەتلەندۇق، بەزىلەرنىڭ دادىسى تىلەمچى بولسا، پەرزەنتلىرىمۇ تىلەمچى بولدى. مېنى بەزىلەر مەسخىرە قىلىشى مۇمكىن، چۈنكى مەن ئىلگىرى تونۇردا يېتىپ، دېھقاننىڭ پۇلىنى خەجلىگەن بولغاچقا، ئەل ـ جامائەت ئىچىدە «شەيتان يانچۇق» دېگەن نام بىلەن چاقىرىلاتتىم. يانچۇقچىلىقتىن تەلىيىم ئوڭ كەلمىگەندە تىلەمچىلىك قىلغانىدىم. قانۇن ئورۇنلىرىنىڭ سولاپ قويۇشىدىنمۇ پەرۋا قىلىپ كەتمەيتتىم. بىر كۈنى يانچۇقچىلىق قىلىپ تۇتۇلۇپ ساقچىغا كىرىپ قالدىم. شۇ كۈنى ئابدۇللاجان دەيدىغان بىر ساقچىنۆۋەتچى ئىكەن. ئۇ ماڭا چاي قۇيۇپ، تاماكا



تۈتتى. مەن ئۇنىڭ ئىللىق مۇئامىلىسىدىن خىجىل بولۇپ بىردىنلا تەرلەپ كەتتىم. ھاياتىمدا ماڭا شۇنچىلىك ئىللىق مۇئامىلە قىلغان ئادەمنى كۆرگىنىم ئۈچۈن ئۇنىڭ بويىنىغا ئېسىلىپ يىغلاپ كەتتىم.

ئۇ مېنىڭ ئائىلە ئەھۋالىمنى سورىدى، مەن: «ئىسمىم سادىق، دادام ئۆلۈپ كەتكەن، ئانام ياتلىق بولۇپ، مېنى يولدىشىنىڭ ئۆيىگە بىللە ئېلىپ بارغانىدى. ئۆگەي دادام مېنى پاتۇرمىدى. ئازابقا چىدىماي ئاخىر ئۆيدىن چىقىپ كېتىپ بېشىم قايغان، پۇتۇم تايغان يەرلەردە جان بېقىپ يۈردۈم. بەزىدە تىلەمچىلىك قىلدىم، بەزىدە يانچۇقچىلىق، ئوغرىلىق قىلدىم. كىشىلەر مېنى كۆرسە قاچىدىغان، ھەتتا ماڭا يوندى چاچىدىغان بولۇپ قالدى» دېدىم.

«باشقىلارنىڭ نېمە ئۈچۈن سېنى كۆرسە قاچىدىغانلىقىنى، نېمە ئۈچۈن نەپرەتلىنىدىغانلىقىنى چۈشەندىڭمۇ — دېدى ئابدۇللاجان ۋە، — ئەيىب سەندە ئەمەس، ئەيىب سېنىڭ ئۆگەي داداڭ، ئۇرۇق - تۇغقان، قولۇم - قوشنىلىرىڭنىڭ مەنىۋى جەھەتتىكى تار قورساق ياكى بېخىللىقىدا. ئۇلاردىن بىرسى سېنى ئۆز يېنىغا تارتىپ، ياخشى يولغا باشلىغان بولسا، سەن بۇ ھالغا چۈشۈپ قالمىغان بولاتتىڭ. چۈنكى كۆچەتنى كىچىكىدىن باشلاپ ياخشى پەرۋىش قىلىپ، ھارام پۇتاقلىرىنى پۇتاپ تۇرسا قۇرۇلۇشقا يارامىلىق ماتېرىيال بولىدۇ. بولۇشىغا قويۇۋەتسە، يارىماس ماتېرىيال بولۇپ، ئاخىرى ئوچاقتا كۆيۈپ كۈل بولىدۇ. ئادەممۇ كۆچەت ئۆستۈرگەنگە ئوخشاش پەرۋىشنى تەلەپ قىلىدۇ. ئەمدى ئۆتكەنگە سالۋات، ئىشنى باشتىن باشلايلى، چۈنكى سەن ياش. ئاچچىق تەجرىبە - ساۋاقنى يەكۈنلىدىڭ. تىجارەت قىلىشنى خالامسەن؟»

ئۇنىڭ بۇ سۆزنى ئاڭلاپ، تومۇزدىكى پىژ - پىژ ئاپتاپتا ئۇسساپ تەشنا بولغاندا بىر چىنە مۇز سۇيىنى ئىچكەندەك راھەتلىنىپ كەتتىم. ئۇ مېنى بازارغا ئاپىرىپ 58 يۈەنگە ئىككى سېۋەت ئۈزۈم ئېلىپ بەردى ۋە بىر دانە تەخسىلىك تارازا ئەكىلىپ بەردى. «ئەرزانىراق سات، خېرىدارلار بىلەن جېدەللەشمە، قىزغىن بول» دېدى ئاندىن ئۇ تاپىلاپ.

شۇ كۈنلۈك سودام 92 يۈەن 40 پۇڭ بوپتۇ، 34 يۈەن 40 پۇڭ پايدا ئاپتىمەن. ھاياتىمدا تۇنجى قېتىم ئۆز ئەجرىم بىلەن تاپقان پۇلنى مۇشۇ قولۇمدا تۇتۇپ، مۇشۇ يانچۇقۇمدا ساقلىدىم. پۇلنى كېچىدە نەچچە قېتىم قولۇمغا ئالغانلىقىمنى، قانچە قېتىم سانىغانلىقىمنى بىلمەيمەن. شۇنىڭ بىلەن باقاللىق قىلىپ ئاندىن كاۋاپچىلىق قىلىپ، ۋېلىسىپىت، موتسىكلىت، كىچىك ماشىنا سېتىۋالدىم. جەمئىيەتتە خېلى ئورنۇممۇ بار، چاقىرسا ئىسمىممۇ بار سادىق ئاخۇن بايغا ئايلاندىم. ئاكام ئابلاجاننىڭ سەمىمىي مېھرى-شەپقىتى، ئىللىق مۇئامىلىسى مېنى ياخشى ئادەم قىلدى. ئۇ ماڭا ئېلىپبە كىتابى ئەپكىلىپ بېرىپ، ساۋاتىمنى چىقىرىشقا ياردەملەشتى. مېنى يامان ئاتاقتىن قۇتۇلدۇردى. بىلىمى بارنىڭ ئەقلىمۇ بار بولىدىكەن. بىزدە كىتاب ئوقۇغانلارنى مەسخىرە قىلىدىغان، كىتاب ئوقۇشنىڭ ئورنىغا ئاپتاپقا قاقلىنىپ، غەيۋەت - شىكايەت قىلىدىغان، قارتا - قىمار ئويناپ تۈرمىگە كىرىپ ئاتا - ئانا، بالا، خوتۇنلىرىغا ئازاب - ئوقۇبەت تېپىپ بېرىدىغان يامان خاھىش بار. مەن سىلەرگە شۇنداق مەسلىھەت بېرەيكى، كىتاب - بىلىم بىزنى نامراتلىقتىن، نادانلىقتىن قۇتۇلدۇرىدىكەن، بىزنى يامان ئىللەتتىن قۇتۇلدۇرۇپ دۇنيادىكى ئىلغار مىللەتلەر قاتارىدىن ئورۇن ئېلىشقا يېتەكلەيدىكەن. سىلەر ھېچبولمىغاندا «مىللەتلەر ئىتتىپاقى» ژۇرنىلىنى ئوقۇڭلار. بولۇپمۇ ئۇ ژۇرنالدىكى «مىللىتىم ھەققىدە پاراڭ» دىكى ماقالىلەرنى ئەستايىدىل ئوقۇپ تەھلىل قىلىپ، ئەيىب كىمدىكەن؟ ھورۇنلۇق، تەييار تاپلىق، ئالغا ئىنتىلمەسلىك، نادانلىق، ئىناقسىزلىق، غەيۋەتخورلۇق، كۆرەلمەسلىك، گۇرۇھۋازلىق ئۆزىمىزدە بارمىكەن- يوقمىكەن؟ دېگەننى سېلىشتۇرۇپ كۆرۈڭلار...

يىپ بازىرىدىكى دوقمۇشتا سادىقنىڭ بايان قىلغان سەرگۈزەشتىسى ۋە تەسىراتى ھەممىمىزنىڭ ئارزۇ - ئىستىكىنى ئىپادىلىدى، بىز مىللەتنىڭ ساپاسىنى ئۆستۈرۈش، مىللىي گۈللىنىشنى ئىلگىرى سۈرۈش ئۈچۈن ئورتاق تىرىشچانلىق كۆرسىتىشىمىزگە توغرا كېلىدۇ. چۈنكى دەۋرنىڭ ئەمەلىيىتى ۋە ۋەزىيەتنىڭ تەلىپى «ئىشلىسەڭ ئالىسەن قاپلاپ ئاش، ئىشلىمىسەڭ قالىسەن چايناپ تاش» دېگەن ھەقىقەتنى بىلىشىمىزگە ئۈندەيدۇ.

(ئاپتور: خوتەن ۋىلايەت قاراقاش ناھىيىلىك مەدەنىيەت ئىدارىسىدە ئىشلەيدۇ)

# ياۋزۇ مىللىتى ۋە ئۇلارنىڭ ئاپتونومىيىلىك جايلىرى

ياۋزۇلار مەملىكىتىمىزدىكى ئۇزۇن تارىخقا ئىگە مىللەتلەرنىڭ بىرى بولۇپ، ئاساسەن گۇاڭشى، خۇنەن، يۈننەن، گۇاڭدۇڭ، گۈيجۇ، جياڭشى قاتارلىق ئالتە ئۆلكە، ئاپتونوم رايوندا چوڭ دائىرىدە تارقاق، كىچىك دائىرىدە توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان، ئۇلارنىڭ ئومۇمىي نوپۇسى 2 مىليون 134 مىڭ (1990 - يىلىدىكى سان)دىن ئاشىدۇ.

تارىخىي ماتېرىياللاردا خاتىرىلىنىشىچە، ۋۇشى مەرچىلىرى بىرمۇنچە مىللەتلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بولۇپ، ياۋزۇلارنىڭ ئەجدادىمۇ شۇلار ئارىسىدا بولغان، ئۇلارنىڭ مۇتلەق كۆپچىلىكى «پەنخۇ مەرچىلىرى»گە يەنى پەنخۇ (ئىلاھىي ئىت)نى تۆتېم قىلغان مىللەتلەرگە تەئەللۇق بولغان. ھازىرقى زاماندىكى ياۋزۇ، مياۋزۇ، شېزۇلار ئارىسىدا ھېلىھەم پەنخۇ ھەققىدىكى ئېتىقاد ۋە رىۋايەتلەر ساقلانماقتا. تاڭ، سۇڭ سۇلالىلىرى دەۋرىدە ۋۇشى رايونىدىكى بەزى ئاز سانلىق مىللەتلەر «مياۋلار»، «مياۋقۇۋمى»دەپ ئاتالغان. جەنۇبىي سۇڭ خاندانلىقىدىن كېيىن، كىشىلەر پەيدىنپەي ۋۇشى مەرچىلىرى ئارىسىدىكى ياۋزۇ، لياۋ، گېلاۋ قاتارلىق باشقا - باشقا مىللەتلەرنى مياۋزۇلاردىن ئايرىپ تونۇغان، شۇنىڭدىن كېيىن ياۋزۇلارنىڭ مىللەت نامىمۇ مۇقىملىشىپ قالغان.

ياۋزۇلار دېھقانچىلىقنى ئاساس قىلغان بولۇپ، بىنەم يەر ئېچىپ تېرىقچىلىق قىلىدۇ، دېھقانچىلىق زىرائەتلىرىدىن كۆممىقوناق، شال، كەندىر تېرىيدۇ. تاغلىق رايونلاردا ۋە دەريا - كۆل بويلىرىدا ئولتۇراقلاشقانلىرى ئوۋچىلىق ۋە بېلىقچىلىق كەسپى بىلەن شۇغۇللىنىدۇ. ياۋزۇلار ئولتۇراقلاشقان تاغلىق رايونلاردا تەبىئىي دورا ئۆسۈملۈك ماتېرىياللىرى ناھايىتى مول بولۇپ، ياۋزۇ خەلقىنىڭ كېسەللىكلەرنى داۋالاش ۋە تېببىي تەتقىقات ئېلىپ بېرىشتا ناھايىتى پايدىلىق شارائىتلار بىلەن تەمىنلىگەن. نۆۋەتتە 1000 خىلدىن ئارتۇق قىممەتلىك دورا ماتېرىيالى، 3000 خىلدىن كۆپرەك تۈرلۈك رېتسېپ توپلاندى. ياۋزۇ تېبابىتى بەزى ئائىلىلەرنىڭ ئاتا مىراس كەسپى بولۇپ، بەزى تەجرىبىلىك ئائىلىلەر تا ھازىرغىچە بۇ كەسپنى داۋاملاشتۇرۇپ ۋە تەرەققىي قىلدۇرۇپ، مەلۇم دەرىجىدە ئىقتىسادىي قىممەت ياراتماقتا ۋە شۇ ئارقىلىق ياۋزۇلارنى مەملىكەت ئىچى ۋە سىرتىغا تونۇشتۇرماقتا.

## تىل - يېزىق ۋە ئەدەبىيات - سەنئىتى

ياۋزۇلارنىڭ تىلى بار، يېزىقى يوق. ياۋزۇ تىلى خەنزۇ - زاڭزۇ تىللىرى سىستېمىسىنىڭ مياۋزۇ - ياۋزۇ تىللىرى ئائىلىسى، ياۋزۇ تىل تارمىقىغا كىرىدۇ. ياۋزۇلار ئارىسىدىكى ئىجتىمائىي ئالاقە ئىشلىرىدا ياۋزۇ تىلى بىردەك قوللىنىلىدۇ، خەنزۇ تىل - يېزىقىنى بىلىدىغانلار ئانچە كۆپ ئەمەس. قەدىمكى زاماندا، ئۇلار تارىخىي ۋەقەلەرنى ياغاچقا ئويۇش ئارقىلىق خاتىرىلىگەن. خەلق ئېغىز ئەدەبىيات - سەنئىتى ئېغىزدىن - ئېغىزغا كۆچۈپ، ئەۋلادمۇ ئەۋلاد داۋاملىشىپ كەلمەكتە. مەسلەن، مەشھۇر قەھرىمانلىق داستانى «مىلوتا»ۋە قەبىلىلەر ئۇرۇشى تەسۋىرلەنگەن «پەنخۇ» (ئىلاھىي ئىت) تۆتېم ئەپسانىلىرى بار. ياۋزۇلار ناخشا ئېيتىشقا ناھايىتى ماھىر كېلىدۇ، ھېيت - بايرام، توي - مەرىكىلەردە ۋە دېھقانچىلىقنىڭ ئارىسالدا مەزگىللىرىدە ئەر - ئايال، قېرى - ياش ھەممەيلەن دائىم بىر يەرگە جەم بولۇپ غەزەلخانلىق قىلىشىدۇ.

## دىن ئېتىقادى ۋە دەپنە قىلىش ئادىتى

ياۋزۇلار تويىن دىنىغا (تەرىقەتچىلىك) ئېتىقاد قىلىدۇ، كۆپ خىل ئىلاھقا تېۋىنىدۇ، بۇ ياۋزۇلارنىڭ دىنىي ئېتىقاد جەھەتتىكى ئالاھىدىلىكى بولۇپ، تۆۋەندىكى تۆت جەھەتتە مەركەزلىك ئىپادىلىنىدۇ: بىرىنچى، ئۇلار دۇنيانى ياراتقۇچى قەھرىمان مىلوتاغا چوقۇنىدۇ؛ ئىككىنچى، قەدىمكى قەبىلىلەر ئۇرۇشىدىكى قەھرىمان پەنخۇنى تۆتېم قىلىپ ئۇنىڭغا چوقۇنىدۇ؛ ئۈچىنچى، ئەجدادلىرىغا چوقۇنىدۇ؛ تۆتىنچى، كۆپ خىل ئىلاھقا چوقۇنىدۇ. دىنىي مۇراسىملىرى ئىچىدە بىر يىلدا بىر قېتىم ئۆتكۈزۈلىدىغانلىرىمۇ، ئۈچ - بەش يىلدا بىر قېتىم ئۆتكۈزۈلىدىغانلىرىمۇ، 12 يىلدا بىر قېتىم ئۆتكۈزۈلىدىغانلىرىمۇ بار.

ياۋزۇلارنىڭ دەپنە مۇراسىمى ھەرقايسى جايلارنىڭ بىر - بىرىگە ئانچە ئوخشاپ كەتمەيدۇ. يەرگە دەپنە قىلىدىغانلار، كۆيدۈرۈپ دەپنە قىلىدىغانلار ۋە تاش ئارىسىغا دەپنە قىلىدىغانلارمۇ بار. بۇنىڭ ئىچىدە يەرگە دەپنە قىلىدىغانلار كۆپ سانىنى تەشكىل قىلىدۇ.

## كىيىم - كېچەك ۋە يېمەك - ئىچمىكى

ياۋزۇلارنىڭ كىمخاب - زەرباپلىرى ناھايىتى داڭلىق. بۇنداق كىمخاب - زەرباپلار توق رەڭلىك پاختا يىپ، رەڭدار يىپەك يىپ ۋە تىۋىتلىك يىپلار كىرىشتۈرۈلۈپ توقۇلۇپ، «توزنىڭ قانات - قۇيرۇقلىرىنى ئېچىشى»، «سېغىزخاننىڭ

مېيىخېۋا گۈلگە قونۇپ تۇرۇشى»، «ئەجدىھا - سۇمۇرۇغلار خەيرىسى»، «ھەممە گۈللەرنىڭ بەس - بەستە ئېچىلىشى»گە ئوخشاش ناھايىتى چوڭقۇر مەزمۇنلۇق نۇسخىلار ھاسىل قىلىنىدۇ، بۇلارنىڭ رەڭلىرى ئوچۇق، نەپىس، كۆركەم بولۇپ، كىيىم - كېچەكلىرىنى بېزەيدۇ.

ئەرلىرى چېچىنى ئۇزۇن قويۇپ بېرىپ بېشىغا ئورىۋالىدۇ، قىزىل رەخت بىلەن بېشىنى يۆگىۋېلىپ، قىرغاۋۇل پەيلىرى بىلەن بېزەيدۇ. ئاياللىرى كۆپىنچە چوڭ پەشلىك ئۇزۇن چاپان، ئۇزۇن ئىشتان كىيىدۇ، ئۈستىگە جىلتكە كىيىشنى ياخشى كۆرىدۇ، پەرتۇق تارتىدۇ ۋە بېشىغا ئورام ياغلىق يۆگەيدۇ. بۇلارنىڭ رەڭلىرى ناھايىتى ئوچۇق ۋە بىر - بىرىگە تولىمۇ ماسلاشقان بولىدۇ.

ياۋزۇلارنىڭ بامبۇكتىن ياسالغان ھەر خىل تۇرمۇش بۇيۇملىرى ۋە چىۋىق توقۇلمىلىرى ئىنتايىن مول. بامبۇك ۋە چىۋىقلاردىن توقۇلغان قالپاق، سەگدەش بورىسى، سومكا، تاماكا قۇتىسى، بېلىق سېۋىتى، يۇدۇمە سېۋەت ۋە تۈرلۈك ئۆي سايمانلىرى ھەم ئەرزان، ھەم ئەسقاتىدىغان ۋە كۆركەم تۇرمۇش بۇيۇملىرى ھېسابلىنىدۇ، يەنە بىر جەھەتتىن نەپىس ھۈنەر-سەنئەت بۇيۇمى بولۇپ، كىشىگە ئېستېتىك زوق بېغىشلايدۇ.

ياۋزۇلار يېمەك - ئىچمەك ۋە ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرۈش جەھەتتە ناھايىتى مول ۋە قىممەتلىك تەجرىبىلەرنى توپلىغان. مەسىلەن، باما ياۋزۇ ئاپتونوم ناھىيىسى قاتارلىق ياۋزۇ رايونلىرىدا يۈز ياشتىن ئاشقان ياۋزۇ ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرۈش چولپانلىرى ناھايىتى كۆپ ئۇچرايدۇ. بۇ رايونلار ئېلىمىزدىكى ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرگۈچىلەر رايونلىرىنىڭ بىرى ھېسابلىنىدۇ. ئۇلار كۈندىلىك تۇرمۇشىدا كۆممقوناق ئومىچىنى ئاساس قىلىدۇ، قوشۇمچە يېمەكلىكلەردە پىلەك غوللۇق كۆكتاتلارنى كۆپ ئىستېمال قىلىدۇ، ياغ تۈرلىرى ئىچىدە ئۆسۈملۈك يېغىنى يېيىشنى ياخشى كۆرىدۇ.

## تۇرالغۇ جايى ۋە كىشى ئىسمى

ياۋزۇلارنىڭ ئۆيلىرى سالاسۇنلۇق قىلىپ ياسىلىدۇ، بۇ ئادەتتە يەنە «ۋادەكلىك ئۆي» دەپمۇ ئاتىلىدۇ. ئادەتتە ئۆيلەر ئاستى - ئۈستى ئىككى قەۋەتكە بۆلۈنىدۇ، ياغاچ، بامبۇكلار بىلەن تۈۋرۈك، پول ۋە ئۈستۈنكى قەۋەتنىڭ تاملىرى ياسىلىدۇ، يانتۇ ئۆگزىلەرگە شەمشاد قوۋزاقلىرى ياكى ئوت - خەسكە ئوخشاشلار يېپىلىدۇ، ئاستىنقى قەۋەتتە ئادەم ئولتۇرىدۇ. ئۈستۈنكى قەۋەتكە ئوزۇق - تۈلۈك، يەم - خەشەك قويۇلىدۇ.

ياۋزۇلاردا بىر كىشىنىڭ ئىسمى تولىراق ئالتە - يەتتە خەتتىن تەركىب تېپىپ، ھەم فامىلىنى، ھەم شۇ كىشى قاراشلىق ئائىلىنى بىلدۈرىدۇ، شۇنداقلا تۇرمۇشلۇق بولغان-بولمىغانلىقىنىمۇ بىلگىلى بولىدۇ. مەسىلەن، «تاڭ جۇاڭخۇ يىخۇ» ئەركىشىنىڭ ئىسمى بولۇپ، ئۇنىڭدىكى «تاڭ» فامىلىسىنى، «جۇاڭخۇ» ئائىلىسىنى، «يى» بالىنىڭ قانچىنچى ئىكەنلىكىنى، «خۇ» ئۆي - ئوچاقلىق بولغان ئەركىشى ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ. ئىسمىنىڭ ئاخىرىغا «نى» قوشۇلۇپ كەلسە تۇرمۇشلۇق بولغان ئايال ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ. بىر مەھەللىدە ئوخشاش فامىلىلىك كىشىلەر كۆپرەك بولىدۇ، ئۇلارنى پەرقلەندۈرۈش ئۈچۈن، ئىسمىغا دائىم شۇ كىشىنىڭ فىزىئولوگىيىلىك خۇسۇسىيىتىنى بىلدۈرىدىغان ئالامەتلەر، يەنى «يوغان كۆز»، «ئۇزۇنچاق يۈز»، «ئۇزۇن بۇرۇن» دېگەنگە ئوخشاش سۈپەت سۆزلىرى قوشۇپ قويۇلىدۇ.

## بايراملىرى

دانۇ بايرىمى ياۋزۇلارنىڭ ئەنئەنىۋى مىللىي بايرىمى ھېسابلىنىدۇ. ھەر يىلى قەمەرىيە 5 - ئاينىڭ 29 - كۈنى ياۋزۇلار يېڭى كىيىملەرنى كىيىشىپ، كۈمۈش بېزەكلىرىنى تاقىشىپ، مىس دۇمباق ئۇسسۇلىنى ئوينىشىپ بايرامنى خۇشال - خۇرام تەبرىكلىشىدۇ. رىۋايەت قىلىنىشىچە، قەدىم زاماندىكى تۇنجى ئەجداد — ئاسمان، زېمىن، كۈن، ئايلارنى ياراتقۇچى ئايال ئىلاھ ئىكەن، ئۇ ياۋزۇ خەلقىگە تاغلىق رايوننى ئېچىشنى ئۆگىتىپ قويغانىكەن، 5 - ئاينىڭ 29 - كۈنى ئۇنىڭ تۇغۇلغان كۈنى ئىكەن، شۇڭا، ھەر يىلى شۇ كۈنگە كەلگەندە ياۋزۇ خەلقى مىس دۇمباقلىرىنى چېلىشىپ، «مىلوتا» دېگەن قەدىمكى ناخشىنى ئېيتىشىپ، گۈرۈچتە تەييارلانغان هاراق - شاراپلار بىلەن ئۇنى خاتىرىلەيدۇ.

## ئاپتونومىيىلىك جايلىرى

ياۋزۇلارنىڭ گۇاڭشى جۇاڭزۇ ئاپتونوم رايونىدا باما، داخۇا، دۇئەن، فۇچۇەن، جىنشيۇ قاتارلىق ئاپتونوم ناھىيىلىرى بار؛ گۇاڭدۇڭ ئۆلكىسىدە ليەننەن، ليەنشەن، رۇيۈەن قاتارلىق ئاپتونوم ناھىيىلىرى بار؛ خۇنەن ئۆلكىسىدە جياڭخۇا ياۋزۇ ئاپتونوم ناھىيىسى بار. يۈننەن ئۆلكىسىدە فېڭكۇ ياۋزۇ ئاپتونوم ناھىيىسى ۋە جىنپىڭ مياۋزۇ - ياۋزۇ-دەيزۇ ئاپتونوم ناھىيىسى بار.

(شاۋكەت مەخسۇت تەييارلىغان)

# ئەقىل بۇلىقىنى ئېچىش ھەققىدە ھېكمەتلىك سۆزلەر

ئەقىل بۇلىقى كىشىلەرنى مەدەنىيەت بايلىقى بىلەن گۈزەللىك بايلىقىدىن كېلىدىغان بەختتىن بەھرىمەن قىلىشى كېرەك. ھەقىقىي ئەقلىي تەربىيە كىشىلەرنى تۇرمۇشنىڭ بارلىق مۇرەككەپلىكىنى ۋە موللۇقىنى بىلىشكە يېتەكلەيدۇ.

— سوخۇملىنسكى

بىز تۇرغان بۇ دەۋر ھەر بىر كىشىدىن كەڭ ۋە چوڭقۇر بىلىمنى ھازىرلاشنى تەلەپ قىلىپلا قالماستىن، بەلكى ئۇنىڭدىن ئەقىل-پاراستى، ئىرادىسى، ھېسسىياتى ۋە قابىلىيىتىنىمۇ راۋاجلاندۇرۇشنى تەلەپ قىلىدۇ.

— زەنكوپ

ئىلىم- پەننىڭ دەرۋازىسىنى ئاچىدىغان ئاچقۇچ شەك-شۈبھىسىزكى: سوئال سوراش. تۇرمۇشنىكى ئەقىل- پاراسەتلىرىمىزنىڭ كۆپ قىسمى بىرەر ئىشقا يولۇققاندا نېمە ئۈچۈن دەپ سوئال سوراپ ئىزدەنگەنلىكىمىزدىن كەلگەن.

— بالزاك

بىر مەسىلىنىڭ ئوتتۇرىغا قويۇلۇشى كۆپ ھاللاردا بىر مەسىلىنى ھەل قىلىشتىنمۇ مۇھىم ئورۇندا تۇرىدۇ. مەسىلىنىڭ ھەل قىلىنىشى ماتېماتىكا ياكى تەجرىبە قىلىش جەھەتتە ماھارەت بولۇشنى تەلەپ قىلىشىمۇ مۇمكىن، ئەمما يېڭى مەسىلىنى ئوتتۇرىغا قويۇش ئۈچۈن ئىجادىي تەپەككۇر كۈچىگە تايىنىشقا توغرا كېلىدۇ، يېڭى مەسىلىلەرنىڭ ئوتتۇرىغا قويۇلغانلىقى ئىلىم-پەننىڭ ھەقىقىي ئالغا باسقانلىقىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ.

— ئېينشتېين

تەسەۋۋۇر قىلىش قابىلىيىتى بىلىمدىنمۇ مۇھىم ئورۇندا تۇرىدۇ، چۈنكى، بىلىم چەكلىك، تەسەۋۋۇر قىلىش قابىلىيىتى دۇنيادىكى ھەممە نەرسىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ، ئالغا ئىلگىرىلەشنى ئىلگىرى سۈرىدۇ، ئۇ بىلىم جەھەتتە ئالغا ئىلگىرىلەشنىڭ مەنبەسى. چىڭ مەنىدىن ئېيتقاندا، تەسەۋۋۇر قىلىش قابىلىيىتى — پەن تەتقىقاتىنىڭ ئىچكى ئامىلى.

— ئېينشتېين

توغرا تەجرىبە ۋە كۆزىتىشنى تەتقىقاتنىڭ ئاساسى قىلغاندا، تەسەۋۋۇر قىلىش قابىلىيىتى تەبىئىي پەن نەزەرىيىسىنىڭ لايىھىلىگۈچىسى بولۇپ قالىدۇ.

— پەندىر

ئەقلىي پائالىيەت كەيپىيات يۇكسەك دەرىجىدە يۇقىرى كۆتۈرۈلگەندە ئېلىپ بېرىلىدۇ.

— زەنكوپ

ئىلىم- پەندىمۇ ئىجاد قىلىشقا، خام خىيال قىلىشقا توغرا كېلىدۇ. خام خىيال بولغاندىلا ئاندىن ئەنئەنىۋى كۆزقاراشلارنى بۇزۇپ تاشلىغىلى، ئىلىم-پەننى راۋاجلاندۇرغىلى بولىدۇ.

— گومورو

بىر ئادەمنىڭ ئەقىل-پاراستى زىددىيەتلەرنى ئۈزلۈكسىز بايقاش ۋە زىددىيەتلەرنى ئۈزلۈكسىز ھەل قىلىش داۋامىدا نامايان بولىدۇ ۋە تەرەققىي قىلىدۇ.

— لى جىلىن

پەقەت ئەخمەق ئادەملا ئىجادىيەتنى غەلىتە ۋە خىيالى ئىش دەپ قارايدۇ، ئىجادىيەت دېگەنلىك باشقىلار ئويلاپ يەتمىگەن ئۇسۇل بىلەن كۈندىلىك تۇرمۇشتا دائىم كۆرۈپ تۇرغان شەيئىلەردىن پايدىلىنىش دېمەكتۇر.

— دوۋېي

ئوقۇغۇچىلارنى ئاچقۇچلۇق مەسىلىلەرنى ئويلاشقا، نۇقتىلىق سوئاللارنى سوراشقا، مەسىلىلەرنى توغرا ئوتتۇرىغا قويۇشقا يېتەكلەش — ئوقۇغۇچىلارنىڭ تەپەككۇر قىلىش قابىلىيىتىنى يېتىلدۈرۈشتىكى مۇھىم بىر ھالقا.

— لى جىلىن

ئەگەر ئوقۇغۇچىلار مەكتەپتە ئۆگەنگەنلىرى بىلەن ھېچقانداق نەرسىنى ئىجاد قىلىشنى بىلمىسە، ئۇ چاغدا ئۇنىڭ پۈتۈن ئۆمرى باشقىلارنى دوراش ۋە باشقىلارنىڭ نەرسىلىرىنى كۆچۈرۈپ ئوغرىلاش بىلەن ئۆتىدۇ.

— تولستوي

يۈرەكلىك قىياس قىلىش بولمىسا، ئۇلۇغ كەشپىياتنىڭ بولۇشى مۇمكىن ئەمەس.

— گاس

(رەھىم يۈسۈپ تەييارلىغان)

# جىددىي كەيپىياتنى تۈگىتىش ئۇسۇلى

بىز دائىم زىيادە روھىي بېسىم تۈپەيلىدىن بىئارام بولىمىز، بىئارام بولۇشنىڭ ئىپادىلىنىش شەكلى ۋە دەرىجىسى ئوخشاش بولمايدۇ. ئەگەر ئۆزىمىزنى بىئارامچىلىقتىن ۋاقتىدا خالاس قىلمىساق، يامان ئاقىۋەت كېلىپ چىقىشى مۇمكىن. تۆۋەندە جىددىي كەيپىياتنى تۈگىتىشنىڭ ئۇسۇللىرىنى ئوتتۇرىغا قويىمىز:

1. ئەگەر نورمىدىن ئارتۇق بىرەر خىزمەت ياكى مەجبۇرىيەتنى ئۈستىڭىزگە ئېلىشنى خالىمىسىڭىز، ئۆز كۆڭلىڭىز بىلەن رەت قىلىڭ.
2. كۆڭلىڭىز يېقىن ئادەملەر بىلەن كۆپ پاراڭلىشىپ تۇرۇڭ.
3. ئۆزىڭىزنىڭ ئادىمى ئادەملىكىڭىزنى، سەۋەنلىك ئۆتكۈزۈشتىن مەڭگۈ خالى بولۇشنىڭ مۇمكىن ئەمەسلىكىنى ئېسىڭىزدىن چىقارماڭ.
4. تۈگۈنۈشتەك كىدىيىۋالماي، تۇرمۇشتا يولۇققان مەسىلىلەرگە رېئال پوزىتسىيىدە بولۇڭ.
5. ئۆزىڭىزنى ئۆزىڭىز ئازابلىماڭ.
6. ئويلىغىنىڭىزنى ئىچىڭىزگە يۇتۇپ يۈرۈۋەرمەڭ. ئويلىغانىنى باشقىلارغا سۆزلەپ بېرىش پسىخىك تەڭپۇڭلۇققا پايدىلىق.
7. سىزنى چۈشىنىدىغان دوست-بۇرادەرلىرىڭىز ياكى قېرىنداشلىرىڭىزدىن ئايرىلىپ قېلىشتىن ھەزەر ئەيلەڭ.
8. تۇرمۇشتىكى ئوڭۇشسىزلىقلارنى تۇرمۇشنىڭ ساۋىقى، دەپ بىلىڭ.
9. ھەرقانداق ئىشتا شۇ ئىشتىن كېلىپ چىقىدىغان ئەڭ يامان ئاقىۋەت ۋە ئۇنىڭغا تاقابىل تۇرۇش تەدبىرىنى ئالدىن ئويلىۋالغاندىلا، ۋەزىيەتكە ماسلىشىش ئىقتىدارىڭىزغا بولغان ئىشەنچىڭىز ئاشىدۇ.
10. سىز ئارىلاشسىڭىز بولمايدىغان ھەم ئارىلىشىشقا قۇربىڭىز يەتمەيدىغان ئىشلار ئۈچۈن باش قاتۇرماڭ.
11. پات-پات ئالبوم كۆرۈپ، ئىلگىرىكى گۈزەل چاغلارنى ئەسلەڭ.
12. كىنوخانىغا بېرىپ ئۆزىڭىزگە تونۇشلۇق بولغان ھەم ئۆزىڭىز سۆيۈپ كۆرىدىغان فىلىملەرنى كۆرۈڭ.
13. تىنچ ئولتۇرۇپ، ئۈنئالغۇدىن ئۆزىڭىزگە تونۇشلۇق بولغان يېقىملىق مۇزىكىلارنى ئاڭلاڭ.
14. يېقىن ئەتراپىڭىزدىكى باغچا ياكى گۈلزارلىقلارغا بېرىپ سەيلە قىلىڭ.
15. ھاياتىڭىزدىكى ئەڭ بەختلىك ئۆتكەن دەقىقىلەرنى ئەسلەڭ.
16. شەھەر سىرتىغا چىقىپ ساياھەت قىلىڭ.
17. چاقچاقچى، يۇمۇرغا باي دوستلىرىڭىز ياكى تونۇشلىرىڭىز بىلەن كۆپرەك ئالاقىلىشىپ تۇرۇڭ.
18. بەش مىنۇت بولسىمۇ گۈزەل خىياللارنى سۈرۈۋېلىڭ.
19. خىزمىتىڭىزدىن تۈپتىن پەرقلىنىدىغان مەلۇم بىر ئىشقا ھەۋەس قىلىڭ.
20. سۆيگۈنىڭىز خۇشال بولىدىغان ئىشنى قىلىڭ.
21. بىر ئايدىن بۇيان كەلگەن خەتلەرگە قالدۇرماي جاۋاب خەت يېزىڭ.
22. ئۆزىڭىزگە سوۋغات تەقدىم قىلىڭ.
23. سەلتەراشخانىغا بېرىپ چاچ، ساقاللىرىڭىزنى ياسىتىڭ.
24. ئادەتتە كۆپ يېمەيدىغان تائاملارنى تېتىپ بېقىڭ.
25. سەھەر تۇرۇپ سىرتنى ئايلىنىڭ، ئەتىگەنلىك ئاشتىنى قولدىن بەرمەڭ.
26. بازار باس-باس ۋاقىتلاردا ماگىزىن ئارىلىماڭ.
27. ئائىلىدە ئالتۇن بېلىق بېقىپ ھۇزۇرلىنىڭ.
28. پۇل ئىقتىساد قىلىپ قاچا يۇيۇش ماشىنىسى سېتىۋېلىڭ.
29. ئۆزىڭىز ئۈچۈنمۇ بەزىبىر ئىشلارنى قىلىڭ.
30. ئۆزىڭىز ئايرىم غىزالىنىڭ، قۇرۇق غەيۋەت-شىكايەتلەردىن خالى بولۇڭ.
31. توغرا تەنقىدلەرگە خاپا بولماي، ئۇنى ئەستايىدىل مۇلاھىزە قىلىپ يەكۈنلەڭ.
32. بىرەر ئۇچرىشىشقا بېرىشتىن ئىلگىرى ئون نەچچە مىنۇت تىنچ ئولتۇرۇۋېلىڭ.
33. ئىش ئارىلىقىدىكى غىزالىنىش ۋاقتىنى دەم ئېلىش ۋاقتىغا ئايلاندۇرۇڭ.
34. خىزمەتكە تەسىر يەتكۈزىدىغان بارلىق ئارتۇقچە نەرسىلەر (كېرەكسىز قەغەز قاتارلىقلار)نى ۋاقتىدا بىر تەرەپ قىلىڭ.
35. بەدىنىڭىزنىڭ ھەرقايسى قىسىملىرىنى ھەرىكەتلەندۈرۈپ تۇرۇڭ.
36. ئىشتىن چۈشۈپلا ئۆيگە قايتىشقا ئالدىرىماڭ، ئىككى مىنۇت بولسىمۇ تىنچ ئولتۇرۇپ ئارام ئېلىۋېلىڭ.

«تەرمىلەر» ژۇرنىلىدىن قىسمەن تۈزىتىپ ئېلىندى •

# قېشىڭىزنى تەرمەڭ

بەزىلەر چىرايلىق بولۇش ئۈچۈن يىلۆا قاشلىرىنى تېرىۋېتىدۇ. بۇ ياخشى ئادەت ئەمەس. سىزگە ئارتۇقچە بىلىنگەن ئاشۇ يىلۆا قاشلارنىڭ ئۆز ئالدىغا رولى بار.

كۆز ئادەتتە پېشانىدىن ئاققان تەر، شامال ۋە چاڭ-توزانلارنىڭ تەھدىتىگە ئۇچراپ تۇرىدۇ. قاشنىڭ ئاشۇ تەر ۋە چاڭ-توزانلارنىڭ كۆزگە كىرىپ كېتىشىنى توسۇش رولى بار. يەنە بىر تەرەپتىن، قاش ئادەمنىڭ سالامەتلىكى بىلەن ناھايىتى زىچ مۇناسىۋەتلىك. قاشقا قاراپمۇ كېسەلگە دىئاگنوز قويغىلى بولىدۇ. مەسىلەن: قاش قويۇق، ئۇزۇن ھەم چىرايلىق بولسا، بۆرەك ئىقتىدارى كۈچلۈك، بەدەننىڭ ناھايىتى ساغلام ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ. قاش سۇس ھەم شالاڭ بولسا، بۆرەك ئىقتىدارىنىڭ ئاجىزلىقى ۋە بەدەندە كېسەلنىڭ كۆپلۈكىنى بىلدۈرىدۇ.

ياشانغانلارنىڭ قاشلىرىنىڭ چۈشۈپ، سۇسلاپ كېتىشى بەدەنگە قان يېتىشمەسلىكتىن بولىدۇ. ئاياللارنىڭ قېشى تۇرۇپلا قارىداپ كەتسە، بۆرەك ئۈستى بېزى پوست توقۇلمىسى ئىقتىدارىنىڭ ناھايىتى كۈچىيىپ كەتكەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ.

«تەرمىلەر» ژۇرنىلىدىن ئېلىندى

# ھەربىر سوئالغا ھەربىر جاۋاب

**سوئال:** مەن بەزىلەرنىڭ: «ھازىرقى كۈندە تەھرىر يولداشلار ئەسەر - ماقالىلەرنى ئېلان قىلىشتا ئەسەرنىڭ ئۆزىگە قارىماي، ئەسەر ئىگىسىنىڭ چىرايىغا قارايدىكەن» دېگەن گەپلىرىنى ئاڭلاپ قالدىم. بۇنىڭدىن كۆڭلۈم تولىمۇ يېرىم بولدى. ئۇلارنىڭ دېگىنى راستىمدۇ؟

— خوتەن دارىلمۇئەللىمىن 93 - يىللىق ئومۇمىي پەن 4 - سىنىپتىن: **روزىيەم قادىر**

**جاۋاب:** سىزنىڭ بۇ سوئالىڭىزدىن ئەقلىم ھەيران، كۆڭلۈم پەرىشان، كۆزۈم سىڭايان بولۇپ قالدى. «ئەسىرىگە قارىماي، ئىگىسىنىڭ چىرايىغا قاراش» ئادىتى تېخى بىزگە يېتىپ كەلمىدى. ناۋادا سىزمۇ شۇ گەپنىڭ راستلىقىغا ئىشەنسىڭىز ۋە شۇنى تەشەببۇس قىلسىڭىز، ئالدى بىلەن سىزنى سىناق قىلىپ باقايلى، بۇدورىم ئەسەر ئەۋەتكىنىڭىزدە بىزگە كۆرسىتىدىغان چىرايىڭىزنىمۇ ئەسەرگە قوشۇپ ئەۋەتىڭ ئەمسە.

**سوئال:** مەن يېقىندا توي قىلىش تەرەددۇتىدە بولۇۋاتاتتىم. مەن توي قىلىدىغان قىزنىڭ ئۆيى يىراق جايدا بولغاچقا، ئالدى بىلەن قايسى جايدا توي قىلىش ئىشىدا كېلىشەلمەيۋاتىمىز. قانداق قىلساق ئورۇنلۇق بولار؟

— گۇما ناھىيە دۆلەت ئىگىلىكىدىكى چارۋىچىلىق مەيدان باشلانغۇچ مەكتەپتىن: **ئۆمەر ئابلا**

**جاۋاب:** ئەڭ ياخشىسى ئاۋۋال قىزنىڭكىدە، ئاندىن سىزنىڭكىدە توي قىلغان ياخشى. بۇنىڭغىمۇ كۆنمىسەڭلار، توي قىلىدىغان كۈنى ئەتىگەندە ھەر ئىككى تەرەپ بىرلا ۋاقىتتا بىر - بىرىڭلارنىڭ ئۆيىگە قاراپ يولغا چىقىڭلار، نەدە ئۇچراشساڭلار شۇ يەردە توي مۇراسىمى ئۆتكۈزۈڭلار، ھېچقايسىڭلارغا تەڭسىزلىك بولمايدۇ. بۇ بەلكىم قۇربان بىلەن ئانارخاننىڭ تويىدىن زىيادە داغدۇغىلىق بولۇپ كېتىدىغۇ دەيمەن.

**سوئال:** مېنىڭ بانكىدا ئىشلەيدىغان بىر ئاغىنەم بار ئىدى. ئۇنى ئىزدەپ بارغىنىمدا، باغلام - باغلام پۇللارنى كۆرۈپ دوستۇمنى ئالداپ پۇللارنى ئېلىپ قاچقۇم كېلىدۇ. ئەگەر راستىنلا شۇنداق قىلسام، مېنى پاناھگاھلارغا ئالالارسىلەرمۇ؟ (مېنى پاناھگاھلارغا ئالساڭلار، ھېلىقى پۇللارنىڭ بىر قىسمىنى سىلەرگە بېرىشكە رازى بولارىدىم.)

— پوسكام ناھىيە دېھقانچىلىق مەيدان باشلانغۇچ مەكتىپىدىن: **ئابدۇقېيۇم**

**جاۋاب:** ئەڭ ياخشىسى ئۇنداق قىلىپ يۈرمەڭ، ناۋادا شۇنداق قىلىپ سالسىڭىز، سىزگە «پاناھلىنىدىغان جاي» باشقا جايدىن تېپىلىپ قالارمىكىن.

**سوئال:** خىزمەتداشلىرىمنىڭ بەزىبىرلىرى خۇشامەت ئارقىلىق خېلى نەپكە ئېرىشتى، بىراق، مەن خۇشامەت قىلاي دېسەم يۈزۈم قىزىرىپ كېتىدۇ، چىرايىمغا ساختا كۈلكە يۈگۈرتەلمەيمەن. بۇنىڭ ئۈنۈملۈك دورىسى بارمۇ - قانداق؟

— پوسكام ناھىيە ژىما يېزا باشلانغۇچ مەكتەپتىن: **ئابدۇغېنى زىبىبۇللا**

**جاۋاب:** مېنىڭچە سىزنىڭ خۇشامەت قىلىشتىن يۈزىڭىز قىزارغان ئادىتىڭىز ئالىيجاناب ئىكەن. «بەزىبىرلەر»نىڭ ئارقىسىدىن سوكۇلدىماي، يۈز قىزىرىش ئادىتىڭىزنى ساقلاپ قېلىۋېرىسىڭىز ۋىجدانىڭىزنى ياشارتىش ئۈنۈمىگە ئېرىشەلەيسىز.

**سوئال:** ھۆرمەتلىك تەھرىر، مېنىڭ باشقىلار گەپ قىلسا ئۇلارنى دوراپ قويىدىغان ئادىتىم بار ئىدى. ئاڭلىشىمچە دورامچۇق ئادىتى بار ئادەمنىڭ كېيىنلىكتە ئاغزى مايماق بولۇپ قالارمىش. گەرچە ھازىر بۇ ئادىتىمنى تاشلىغان بولساممۇ، يەنىلا ئەندىشىگە چۈشۈپ قېلىۋاتىمەن. كۈنلەرنىڭ بىرىدە راستىنلا ئاغزىم مايماق بولۇپ قالارمۇ؟

— شىخەنزە يېزا ئىگىلىك ئىنستىتۇتى 2000 - يىللىق 1 - سىنىپتىن: **تۇنساگۈل**

**جاۋاب:** بۇنىڭغا ۋاقتى كەلگەندە بىر نېمە دەيلى.

### «جاۋاب بېرىلىڭ»گە جاۋابلار

**سوئال:** 1994 - يىللىق 2 - سان «مىللەتلەر ئىتتىپاقى» ژۇرنىلىغا مەن ياخشى كۆرۈپ قېلىپ مۇھەببەتلىشەي دەپ يۈرگەن بىر قىزنىڭ ماقالىسىنى ئېلان قىلىپسىلەر. مەن بىر ماقالە يېزىپ ئەۋەتسەم، شۇ قىزنىڭ ماقالىسىنىڭ بېشىغا نەشر قىلىپ بېرەلەمسىلەر؟ چۈنكى ماقالىسى بىر ژۇرنالدا

ھەربىر سوئالغا ھەربىر جاۋاب

ئېلان قىلىنسا، مۇھەببەتلەشمەك ئاسان بولارمىش. (بۇلتۇرقى 3 ـ سان ژۇرنالدا)

(1) **جاۋاب:** بۇنىڭدىنمۇ ئوبدانراق چارە بارغۇ! سىز يازغان ماقالىڭىزنى ھېلىقى قىزنىڭ ماقالىسى ئېلان قىلىنغان ژۇرنالنىڭ بېشىغا چاپلاپ ئۇ قىزنىڭ قېشىغا ئاپارسىڭىز ئىش پۈتمەمدۇ؟!

ـــ خوتەن ۋىلايەت قاراقاش ناھىيىسىنىڭ قوچى باشلانغۇچ مەكتىپىدىن: **ئىمىرجان راخمان**

(2) **جاۋاب:** سىز ياخشى كۆرۈپ قالغان قىزنىڭ ماقالىسى بېسىلغان ژۇرنالنىڭ چىققىنىغىمۇ خېلى ۋاقىت بولدى. سىز «كۆمسەم پىشارمۇ، ياقسام تۈتارمۇ؟» دەپ ئولتۇرماي، ئېلان قىلماقچى بولغان ماقالىڭىزنى ئاشۇ قىزنىڭ سۆيگۈ نەشرىياتىغىلا سۇنۇڭ. ماقالىڭىزنىڭ «ماركىسى» «ھەزىل» بولمىسىلا، جەزمەن نەشىردىن چىقىدۇ.

ـــ خوتەن ۋىلايەت چىرا ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتى ئەمگەك ـ كادىرلار ئىدارىسىدىن: **ئوبۇلقاسىم يۈسۈپ**

**سوئال:** دادام دائىم: «ئادەم تۇرمۇشقا قاتتىق پىشىشى كېرەك» دەيدۇ. مەن ئۆزۈمنى تۇرمۇشقا پىشۇرۇش ئۈچۈن داشقازاننىڭ قايناۋاتقان سۈيىگە سەكرەيمۇ ياكى...؟ (بۇلتۇرقى 5 ـ سان ژۇرنالدا)

**جاۋاب:** داشقازاننىڭ چېقىۋېتىلگىنىگە خېلى يىللار بولۇپ قالدى. سىزنىڭ ھازىر ئۇنداق قازانلارنى تېپىشىڭىزمۇ تەسكە چۈشىدۇ. ھازىرچە تۇرمۇش قاينىمىغا چۈشۈپ شۇ قايناملاردا پىشىپ تۇرۇڭ، كېيىن يەنە باشقا قاينىملار چىقىپ قالسا شۇنىڭغا سەكرەپ پىشۇالارسىز بەلكىم!

ـــ خوتەن دارىلمۇئەللىمىن 95 ـ يىللىق لابورانت سىنىپتىن: **مەتساۋۇر**

**سوئال:** مەن ئىككى قىزنى بىرلا ۋاقىتتا تەڭلا ياخشى كۆرۈپ قالدىم. ئۇلارنىڭ ھەر ئىككىلىسى بىر ـ بىرىدىن زادى قېلىشمايدۇ. ئۇلارنىڭ بىرسىگە كۆڭلۈمنى ئىزھار قىلاي دېسەم، يەنە بىرسىمۇ كۆز ئالدىمغا كېلىۋالىدۇ. ئۇلارنىڭ بىرسىنى تاللىشىپ بېرەلەمسىلەر؟ (بۇ يىلقى 2 ـ سان ژۇرنالدا)

(1) **جاۋاب:** نەق مەيداندا ئۆزۈم بولسامغۇ ئۇلاردىن بىرسىنى تاللاشقا ياردەملىشەتتىم. ھېلىمۇ كارايىتى يوق. ئۇلارنى

## ھەزىل سوئالغا ھەزىل جاۋاب

ھەزىل سوئالغا ھەزىل جاۋاب

تاللاش ئۈچۈن ئالدى بىلەن سىز قېچىپ بېرىڭ، ئۇلار سىزنى قوغلىسۇن، قايسىسى سىزگە بالدۇر يېتىشىۋالسا شۇنى تاللاڭ؛ ياكى ئۇلارنى يۈگۈرتۈپ قويۇپ سىز ئارقىسىدىن قوغلاڭ. قايسىسىغا يېتەلمەي قالسىڭىز شۇنى تاللاڭ.

ـــ شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى خىمىيە فاكۇلتېتىدىن: **پەرۋانە ئابدۇمىجىت**

(2) **جاۋاب:** سىز ئۇ ئىككى قىزغا شۇنچە يېقىن تۇرۇپ بىرىنىمۇ تاللىيالمىغان تۇرسىڭىز، بىز ئۇلارنى كۆرمەي يىراقتا تۇرۇپ قانداق تاللىشىپ بېرەلەيمىز. لېكىن سىزگە مەسلىھەت شۇكى، مەشھۇر يازغۇچى تاگورنىڭ ئەقلىيە سۆزى بويىچە، سىز ياخشىسىنى تاللاپ بولالمىسىڭىز، ئۇ ئىككىسىنىڭ ياخشىسى سىزنى تاللىسۇن، ئەمسە.

ـــ قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى خىمىيە فاكۇلتېتى 94 ـ يىللىق 1 ـ سىنىپتىن: **مەمەتئېلى مەتىمىن**

(3) **جاۋاب:** «ئانا كۆرۈپ قىز ئال، قىرغاق كۆرۈپ بۆز ئال» ۋە «كۆلنىڭ يارىشىقى تال، قىزنىڭ يارىشىقى خال» دېگەن خەلق ماقالىسىگە ئاساسەن، سىز ئالدى بىلەن ئۇلارنىڭ ئانىلىرىنى كۆرۈپ، ئاندىن ئۇ قىزلارنىڭ خاللىرىغا سەپسېلىپ چىقىڭ، بەربىر بىر يېرىدىن ئۈستۈنلۈك چىقىدۇ. قايسىسى «ئەۋزەللىككە ئىگە» بولسا شۇنى تاللاڭ.

ـــ ئاقسۇ ۋىلايەت كەلپىن ناھىيە گەزلىك يېزا قۇملۇق كەنتىدىن: **ياقۇپ تاش**

### جاۋاب بېرىڭ؟

**سوئال:** ھۆرمەتلىك تەھرىر، مەن كىچىكىمدىن تارتىپ ھازىرغا قەدەر پىشۇرۇلغان توخۇ تۇخۇمنى ناھايىتى كۆپ يېدىم. مەن تۇخۇم شاكىلىنىڭ ئىچىگە لىق كەلگەن پۈتۈن تۇخۇم يېيىشنى بەكمۇ ئارزۇ قىلاتتىم. بىراق، يېگەن تۇخۇملىرىمنىڭ ئىچىدىن بىرەرسى پۈتۈن چىققىنى يوق. ھەممىسىنىڭ بىر تەرىپى كاۋاك ئىكەن. مەن زادى قانداق قىلسام ئۇنداق كاۋاك بولمىغان پۈتۈن تۇخۇم يېيەلەيمەن؟

ـــ خوتەن ۋىلايەتلىك دارىلمۇئەللىمىن 94 ـ يىللىق ئومۇمىي پەن 2 ـ سىنىپتىن: **گۈلنىسا توختىمەمەت**

(مەزكۇر سەھىپىنى ياسىن ھاۋازى تەييارلىغان)

## كۈلكە خۇرۇچلىرى

### بىھۇدە ئەنسىرەش

ھەربىي مەكتەپتە مانېۋىر ئۆتكۈزۈلمەكچى بولۇپ، بىزنىڭ ئەترەتتىكى ئەسكەرلەرنى ئەسلىدە تىك ئۇچار ئايروپىلان بىلەن ئالغىلى كەلمەكچى بولغانىدى. بىراق تىك ئۇچار ئايروپىلاننىڭ قارىسىمۇ كۆرۈنمەيتتى. بىز يېقىن ئەتراپتا ئۇتتۇن تېرىۋاتقان مومايدىن سوراپ كىرمەكچى بولدۇق.

ئەترەت باشلىقىمىز مومايىنى چۆشەنمەي قالمىسۇن دەپ ئويلاپ:

— ئەتىگەنلىكىڭىز خەيرلىك بولسۇن چوڭ ئانا! سىز مۇشۇ ئەتراپتا ئاۋاز چىقىرىپ ئۇچىدىغان تۆمۈر قۇشنى كۆردىڭىزمۇ؟ — دەپ سورىدى. موماي:

— مەن پەقەت بىر تىك ئۇچار ئايروپىلاننىلا كۆردۈم، سىلەر ئېيتقاندەك تۆمۈر قۇشنى كۆرمىدىم، — دېدى كۈلۈپ تۇرۇپ.

### سىزنىڭكىگە ئوخشاش

قىستا - قىستاڭ كوچا ئاپتوبۇسىدا بىر كىشى باشقا بىرسىنىڭ ئۆزىنىڭ ئىشتىنىنىڭ يانچۇقىغا قول سېلىپ پۇل ئوغرىلىماقچى بولغانلىقىنى كۆرۈپ، ئوغرىنى تۇتۇۋېلىپ ۋارقىراپ تۇرۇپ:

— ئەبلەخ، سەن مېنىڭ پۇلۇمنى ئوغرىلاشقا قانداق پېتىندىڭ!؟ — دەپتۇ.

— كەچۈرسىز ئەپەندىم، سىز خاتالاشتىڭىز، مېنىڭمۇ سىزنىڭكىگە ئوخشاش مۇشۇنداق يوللۇق ئىشتىنىم بار ئىدى دەڭا.

### ئۈچ دانە كۆزەينەك

ئىككى كىشى يولدا ئۇچرىشىپ قاپتۇ.

— مېنىڭ كۆزۈمنىڭ كۆرۈش قۇۋۋىتى ياخشى ئەمەس شۇڭا مەن ئۈچ دانە كۆزەينەك سېتىۋېلىشنى ئويلىشىۋاتىمەن.

— نېمە ئۈچۈن ئۈچ دانە كۆزەينەك سېتىۋالىسىز؟

— بىر كۆزەينەك بىلەن يېقىننى كۆرىمەن، يەنە بىرى بىلەن يىراقنى كۆرىمەن.

— ئۈچىنچىسى بىلەنچۇ؟

— ئۈچىنچى كۆزەينەكنى بىرىنچى، ئىككىنچى كۆزەينەكنى ئىزدەشكە ئىشلىتىمەن.

### ئورۇن ئىزدەش

كىنو باشلانغاندا بىر ياش يىگىت سىرتقا چىقىپ كېتىپ، بىرئازدىن كېيىن قايتىپ كىرىپ باش رەتتىكى ئورۇندۇقتا ئولتۇرغان بىر كىشىدىن سوراپتۇ:

— بايام مەن چىققان ۋاقتىمدا سىزنىڭ پۇتىڭىزنى دەسسىۋالدىممۇ؟

— ھەئە، سىز بۇنىڭغا تەكەللۇپ قىلىپ كەتمىسىڭىزمۇ بولىدۇ.

— ياق، مېنىڭ ئەسلى ئورنۇم مۇشۇ رەتتىمۇ-ئەمەسمۇ شۇنى بىلمەكچى ئىدىم.

### بىر سوئالغا بىرنەچچە خىل جاۋاب

ئەقىللىك تام غەلىتە بىر سوئالنى ئوتتۇرىغا قويۇپتۇ:

— ناۋادا پۈتۈن دۇنيادىكى تېلېفون سىملىرىنىڭ ھەممىسى ئۈزۈلۈپ كەتسە قانداق ئەھۋال كېلىپ چىقىدۇ؟

— ئۇنداقتا ئاشىق - مەشۇقلارنىڭ ئۇچرىشىشى ئازىيىدۇ، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ مۇھەببەتلىشىۋاتقان ئاچىسى.

— ئوت ئاپىتىدىن كېلىپ چىقىدىغان زىيان تېخىمۇ كۆپىيىدۇ، — دەپتۇ ئوت ئۆچۈرۈش ئەترىتىدە ئىشلەيدىغان ئاكىسى.

— كېسىلى ئېغىرلىشىپ قالغان بىمارلارنى ۋاقتىدا قۇتقۇزۇۋالغىلى بولمايدۇ، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ دوختۇر ئاپىسى.

— جاۋابىڭلار توغرا بولمىدى، ئۇنىڭ توغرا جاۋابى شۇكى، تېلېفون ھەققى تۆلىمەيمىز، — دەپتۇ تام

## كۈلكە خۇرۇچلىرى

مەفرۇرلانغان هالدا.

### قانداق بىر تەرەپ قىلدىڭلار

— قېچ، سىلەرنىڭ نىكاھتىن ئاجرىشىدىغان ئىشىڭلار قانداق بولدى؟

— ئاخىر ئاجراشتۇق.

— مال ـ مۈلۈكلەرنى قانداق بىر تەرەپ قىلدىڭلار؟

— ئوغلۇم ماڭا قالدى، قىزىمنى ئاتاشا ئالدى، قالغان نەرسىلەرنىڭ ھەممىسى ئادۋوكاتنىڭ بولدى.

(شاۋكەت مەخسۇت تەرجىمە قىلدى)

## يۇمۇر ۋە لەتىپىلەر

ھەسەن تىلىۋالدى

### مەست بولماسلىق

ئا: بەزىلەر سىزنى باشقىلارنىڭ ئۆيىدە ھاراقنى قانچىلىك ئىچسىمۇ مەست بولمايدۇ، ئۆز ئۆيىدە ھاراقنىڭ ھىدىنى پۇرىسىلا مەست بولۇپ قالىدۇ، دېيىشكەنىدى، لېكىن تونۇگۈن كەچتە ئۆز ئۆيىڭىزدە شۇنچىلىك كۆپ ئىچىپمۇ مەست بولمىدىڭىزغۇ؟

ب: ھەي! شۇنى دېمەمسىز، تونۇگۈن مەن ئۆزۈمنى ئۆز ئۆيۈمدە ئەمەس باشقىلارنىڭ ئۆيىدە مېھمان بولۇۋاتىمەن دەپ ئويلاپ قاپتىمەن ئەمەسمۇ.

### «ساقلاپ تۇرمايدۇ»

سىڭلىسى: ئاچا، ئالتۇندەك ۋاقتىڭنى ئويناپ بىھۇدە ئۆتكۈزگىچە بىلىم ئىگىلىسەڭ بولمامدۇ؟ بىلەمسەن، شائىر ل. مۇتەللىپ ۋاقىت توغرىسىدا: «ۋاقىت ئالدىراڭغۇ ساقلاپ تۇرمايدۇ» دېگەنىكەن.

ئاچىسى: ۋاي قوۋۇرغام، لۇتپۇللا مۇتەللىپ مېنى ساقلاپ تۇرمىغىنى بىلەنچۇ ساقلاپ تۇرىدىغان باشقا يىگىتلەر كۆرمىگ.

### چىشلىمەيدىغان ھاراق

ئا: ئاداش، تونۇگۈن كەچتە سېنىڭ ئۆيۈڭدە ئىچكەن

## كۈلكە خۇرۇچلىرى

كۈلكە خۇرۇچلىرى

ھاراق مېنى قاتتىق چىشلىۋاپتۇ.

ب: مېنىڭ ئۆيۈمدە ئىچكەن ھاراق چىشلىۋالغان بولسا، بۈگۈن سېنىڭ ئۆيۈڭدە چىشلىمەيدىغان ھاراق ئىچىمەمدۇق ئەمىسە.

### ياخشى ئورۇنلاشتۇرۇش

كاتىپ: باشلىق بۇ قېتىمقى ئىقتىسادىي خىزمەت يىغىنىنى نەگە ئورۇنلاشتۇرىمىز؟

باشلىق: بۇ قېتىمقى يىغىننى ناھايىتى ئىقتىسادچانلىق بىلەن ئاچمىساق بولمايدۇ، شۇڭا يىغىننى تاغدىكى ساناتورىيىگە ئورۇنلاشتۇرايلى، چۈنكى بۇ يىغىنغا قاتنىشىدىغانلارنىڭ كۆپىنچىسىنىڭ سالامەتلىكى ئانچە ياخشى ئەمەس.

### شېئىر يېزىش

قىز: ئاڭلىسام، سىز بىر ناخشىچى قىزغا بېغىشلاپ شېئىر يېزىپسىز، ئۇنى ھەتتا گېزىتلەردىمۇ ئېلان قىلدۇرۇپسىز، راستىڭىزنى ئېيتىڭ، ئۇ قىز زادى سىزنىڭ نېمىڭىزتى؟

يىگىت: ئامرىقىم، مېنى نېمانداق چۈشەنمەيدىغانسىز، ئۇ شېئىرنى يالغۇز بىر قىزغىلا ئەمەس، يۇرتىمىزدىكى بارلىق ناخشىچىلارغا ئاتاپ يازغان.

قىز: نېمە؟ مەن تېخى بىر قىزمىكىن دېسەم، ئىزا تارتماي تېخى ھەممە ناخشىچى قىز دەۋاتقىنىنى، ئۇنداق بولسا سىز شۇلارنى تېپىۋېلىڭ!

### خاتىرە بولۇپ قالسۇن

پېرىم كېچىدە زاۋۇتنىڭ يوغان ئىشكاپىنى ھارۋىغا بېسىپ ئۆيىگە ئېلىپ كېلىۋالغان دادىسىدىن:

— دادا، بۇ زاۋۇتنىڭ مۈلكى تۇرسا، نېمىشقا ئۆيگە ئېلىپ كېلىۋالىسىز؟ — دەپ سورىدى ئوغلى.

— پات ئارىدا پېنسىيىگە چىقىمەن، شۇڭا بۇ ئىشكاپ مەندە خاتىرە بولۇپ قالسۇنمىكىن دەيمەن، — دېدى دادىسى.

# دانىيىلىكلەرنىڭ مەدەنىي تۇرمۇشى

شىمالىي ياۋروپادىكى كىچىك دۆلەت ــ دانىيىدە ئاران 5 مىليون نوپۇس بار. بىراق ئۇ دۇنيادىكى مەشھۇر مەدەنىيەت دۆلىتى ھېسابلىنىدۇ. دۇنيا خەلقىگە تونۇش بولغان ئاندىرسېن چۆچەكلىرىدىن باشقا دانىيە يەنە دۇنيا بويىچە تۇنجى بولۇپ دۆلەت بايرىقى ياسىغان ۋە تۇنجى فوند بىرژاسى ئالماشتۇرۇش ئورنى تەسىس قىلغان دۆلەتتۇر.

دانىيىلىكلەر ئىچىدە چوڭلارنىڭ تۆتتىن بىر قىسمى كەچكۇرستا ئوقۇيدۇ. 5 مىليون نوپۇس ئىچىدە 200 ئائىلىنىڭ مۇزېيى بار. ئوتتۇرا ھېساب بىلەن ھەر بىر كىشى كۈنىگە بىردىن گېزىت ئوقۇيدۇ. دانىيىلىكلەر كىتاب ئوقۇشقا تولىمۇ ھېرىسمەن خەلق. كىشى بېشىغا توغرا كېلىدىغان كىتاب نىسبىتى جەھەتتە دۇنيا بويىچە ئالدىنقى قاتاردا تۇرىدۇ. دانىيىدە گۈزەل-سەنئەت بۇيۇملىرى زىننەت بۇيۇمى دېيىلا قارالماستىن بەلكى ئەمەلىي تۇرمۇشتا مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ. مەيلى پروفېسسورلارنىڭ تۇرالغۇسىدا بولسۇن، ياكى دېھقانلارنىڭ ئۆيلىرىدە بولسۇن، ھەممە ئائىلىلەردىن بىرنەچچە پارچە رەسىم ئۇچرىتىش مۇمكىن. ياشانغانلار ساناتورىيىلىرى، دوختۇرخانا ۋە مەكتەپلەرنىڭ ھەممىلا يېرىدە ھەيكەل ۋە ماي بوياق رەسىملىرىنى كۆرگىلى بولىدۇ.

مەدەنىيەت دانىيىلىكلەرنىڭ دۆلەت قۇرۇشتىكى تۈپ ئاساسى. سەنئەتكارلار دۆلەتنىڭ ئاسرىشىغا ئېرىشىدۇ. ھۆكۈمەت ئورگانلىرىنى گۈزەللەشتۈرۈش ئۈچۈن، شۇنداقلا سەنئەتكارلارنىڭ تۇرمۇشى ئۈچۈن ھۆكۈمەت ھەر يىلى 10 مىليون ئامېرىكا دوللىرى قىممىتىدە خىراجەت قىلىپ جامائەت سورۇنلىرىنى بېزەيدۇ. كوپېنھاگېن شەھەرلىك ھۆكۈمەتنىڭ ئىچىدە 400 يىلدىن ئىلگىرىكى تام رەسىملىرى ۋە 300 نەچچە يىللىق تارىخقا ئىگە قوڭغۇراق مۇنارى بار. بۇلارنىڭ ھەممىسى خەلققە مەنسۇپ بولۇپ، شەھەرلىك ھۆكۈمەت ھەپتىدە بەش كۈن بۇ ئورۇنلارنى كىشىلەرنىڭ ئېكسكۇرسىيە قىلىشىغا ئېچىپ بېرىدۇ. ئاممىۋى مەدەنىيەت ئورۇنلىرىمۇ ھۆكۈمەت ئورگانلىرىغا ئىلتىماس سۇنۇپ ياردەم تەلەپ قىلسا بولىدۇ. كوپېنھاگېن ھەر يىلى 6-ئايدىكى تەنتەربىيە بايرىمىدا ھۆكۈمەتنىڭ بىر قىسىم ياردىمىدىن بەھرىمەن بولۇپ تۇرىدۇ. دۆلەت يىللىق خام چوتنىڭ %5 تىنى مەدەنىيەت-سەنئەت پائالىيىتىگە ئاجرىتىدۇ. ھەر يىلى 2 مىليون 500 مىڭ ئادەم تىياتىر كۆرۈشكە بارىدۇ. يىراق يېزا، كەنتلەردىمۇ تىياتىرخانىلار بار. پەقەت 300 مىڭ ئاھالىسى بار ۋېيرتېنبروگ شەھىرىدىلا 30 ئورۇندا مۇزېي بار بولۇپ، ئۇ دۇنياۋى شۆھرەتكە ئىگە ھازىرقى زامان گۈزەل سەنئەت سارىيىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

دانىيە خەلق مائارىپىغا ئىنتايىن كۆڭۈل بۆلىدۇ. ھۆكۈمەت يىللىق خام چوتنىڭ %23 نى مائارىپ خىراجىتىگە ئاجراتقان بولۇپ، باشلانغۇچ مەكتەپتىن ئالىي مەكتەپكىچە ھەممە ئوقۇغۇچىلار ھەقسىز ئوقۇيدۇ. مائارىپ خىراجىتى بىلەن خەلق ئىگىلىكى ئومۇمىي ئىشلەپچىقىرىش قىممىتىنىڭ نىسبىتى جەھەتتە ئامېرىكىدىن قالسىلا 2-ئورۇندا تۇرىدۇ. دانىيىلىكلەر كەسپىي مائارىپ ئىشلىرىغا ئىنتايىن كۆڭۈل بۆلىدۇ. ئۇلار كەسپىي مائارىپ ئىشلىرىنىڭ مەزمۇنلىرىنى ئۈزلۈكسىز تۈزىتىپ، ئۇنى ئىقتىسادىي تەرەققىياتقا ماسلاشتۇرىدۇ. گېرمانىيىدىكى تەتقىقات ئورۇنلىرىنىڭ ستاتىستىكا قىلىشىچە، دانىيە ياۋروپادىكى ھەرقايسى ئەللەر ئىچىدە ئەمگەك كۈچى سۈپىتى ئەڭ يۇقىرى، تېخنىكا خادىملىرى ئەڭ تولۇق بولغان دۆلەت ئىكەن. سودا جەھەتتە دۇنيادا ياپونىيە قاتارلىق بىرنەچچە دۆلەتتىنلا كېيىن تۇرىدىكەن.

(ئۆمەرجان ھەسەن تەييارلىدى)



# ۋاسىتىچى تېلېفون

(ھېكايە)

● مەنەۋۋەر نىياز ●

دىرىزىدىن سىرتتىكى دەرەخلەرنىڭ سارغايغان يوپۇرماقلىرىغا قاراپ ئولتۇرغان پەرھاتنىڭ دىققىتىنى بولۇگدىكى تومبۇچكا ئۈستىگە قويۇلغان قىزىل رەڭلىك تېلېفوننىڭ جىرىڭلىشى بۆلىۋەتتى. ئۇ تېلېفون تۇرۇبكىسىنى قولىغا ئالدى - دە:

— ۋەي... كىمنى ئىزدەيسىز؟... بار، سەل توختاپ تۇرۇڭ — دېدى - دە، تېلېفون تۇرۇبكىسىنى ئۇدۇل ئۈستەلدە ئولتۇرغان گۈلنارغا ئۇزاتتى. گۈلنار تۇرۇبكىنى قولىغا ئېلىپ:

— ۋەي، مەن گۈلنار... ياخشى. ۋاي - ۋۇي دىلدار، بارمۇ سەن - يوقمۇ؟ ئەجەب يوقاپ كەتتىڭغۇ! ئىشلىرىڭ قانداق بولدى؟... ئۇرۇنلاشتىم، نەگە؟... پاھ، ئوقۇتقۇچى بولدۇم دېگىن! مۇبارەك بولسۇن ئاداش! تىلىكىڭ ئاخىر ئىجاۋەت بوپتۇ. ئەمدىغۇ كۆڭلۈڭ ئارامىغا چۈشكەندۇ... ئاداش. كەچتە ئۆيگە كېلەمسەن؟ قانغۇدەك مۇڭدىشايلى... ئۇ كاماندىروپكىغا چىقىپ كەتتى... شۇنداق بولسۇن، كەچتە كەل، قالغان گەپلەرنى شۇ چاغدا قىلىشايلى... خوش... دېدى، — ۋە تۇرۇبكىنى كۈلۈمسىرىگەن پېتى پەرھاتقا ئۇزاتتى. پەرھاتمۇ شۇنى كۈتۈپ ئولتۇرغاندەك ئىتتىكلا تۇرۇبكىنى ئېلىپ جايىغا قويۇپ قويدى ۋە ئارقىدىنلا:

— دوستىڭىزمۇ؟ — دەپ سورىدى. گۈلنار ئېغىزچە ھاياجىنىنى باسالمايۋاتاتتى. ئۇ پەرھاتقا قاراپ:

— ھەئە، دوستۇم، — دەپ جاۋاپ بەردى.

— ئاۋازى ئەجەب يېقىملىق ئىكەن. ئىسمىمۇ چىرايلىق ئىكەن.

— ھەئە، ئىشقىلىپ ئۇنىڭغا قىزلاردا بولۇشقا تېگىشلىك نازاكەتنىڭ ھەممىسى مۇجەسسەملەشكەن - دە،

— ۋاي - ۋۇي، ماختاپ ئۇچۇرۇۋەتتىڭىزغۇ ئەمدى. سىلەر بىرگە ئوقۇغانمۇ؟

— ھەئە، سىنىپىمىزنىڭ ئالدى ئىدى. خىزمەت تەقسىماتى ئادىل بولماي، بىر يىل كېچىكىپ تەقسىم قىلىندى.

پەرھات باشقا گەپ قىلماي دېرىزىدىن سىرتقا قارىدى.

ئارىدىن ئىككى ھەپتە ئۆتكەندىن كېيىن دىلداردىن يەنە تېلېفون كەلدى.

— ۋەي.... بار. دىلدارمۇ سىز؟ قانداق ئەھۋالىڭىز؟ ... مەن گۈلنارنىڭ خىزمەتدىشى پەرھات،... مېنى قانداق تونۇيسىز دەيسىزغۇ؟ سىزنىڭ گۈلنارغا ئۇرغان تېلېفونلىرىڭىزنى دائىم مەن «ئۇلاپ» بېرىمەن... ھا ... ھا ... گۈلنار كېسەلخانىغا كىرىپ قالدى.... بۈگۈن تۆت كۈن بولۇپ قالدى... دوختۇرخانىنىڭ ئورنى نەدە دەمسىز؟ دوختۇرخانىغا مەن باشلاپ بارسام قانداق دەيسىز؟ قانداقسىگە ئاۋارىچىلىق بولىدۇ؟ تۇرۇۋت قىلماڭ. قاچان بارىسىز؟... بۈگۈن كەچتە؟ بولىدۇ. مەن سائەت نەچچىلەردە بارسام بولار؟... ھە، بولىدۇ. كەچتە كۆرۈشەيلى!... ئەمسە خوش.

پەرھات تېلېفون تۇرۇبكىسىنى قويۇپ بولۇپ، خۇشاللىقىدىن نېمە قىلارىنى بىلەلمەي، ھاياجانلانغىنىدىن ئىسقىرتتى.



ئارىدىن يەنە بىرنەچچە ھەپتە ئۆتكەندىن كېيىن پەرھات دىلدارغا تېلېفون ئۇردى.

ــ ۋەي... ئېغىر كۆرمەي دىلدارنى چاقىرىۋەتكەن بولسىڭىز.

ــ... ۋەي دىلدارمۇ؟ ياخشىمۇ سىز؟ ... مەن پەرھات... ياخشى. بۈگۈنكى ئويۇننىڭ بېلىتىدىن ئېلىپ قويغانىدىم. بۈگۈنغۇ ۋاقتىڭىز يېتەر... نېمە؟ دەرس تەييارلايمەن؟! ئەتە تەييارلىسىڭىز بولمامدۇ؟ ...ھەممە ئادەم ئېغىزىدا ھەدەپ قويۇپ ئۆزىنىڭ بىلگەن سەنىمگە دەسسەيدىغان بۇ جەمئىيەتتە سىز بىر ئادەمنىڭ كۆچىگىنىگە نېمە بولماقچىدى؟... ئەتە؟ راستمۇ؟ بولىدۇ ئەمىسە. ئەتە باراي، خوش. ئەتە كۆرۈشەيلى...

پەرھات تۇرۇبكىنى قويۇپ، بىر ھازا قاراپ تۇرغاندىن كېيىن، يانچۇقىدىن بېلەتنى ئېلىپ، ئۇدۇلدىكى گۈلنارغا تەڭلىدى. گۈلنار ھېچبىر تۇزۇۋت قىلمايلا بېلەتنى ئالدى ـ دە پىسسىڭىدە كۈلۈپ قويۇپ:

ــ نېمە بولدى؟ بوشاپلا كەتتىڭىزغۇ؟ قىز بالا دېگەننىڭ يا ئۇنداق، يا مۇنداق ئىشلىرى چىقىپ قالىدۇ. بۇنى توغرا چۈشىنىشىڭىز كېرەك ــ دېدى.

پەرھات ئۈن ـ تىنسىز سىرتقا قاراپ ئولتۇرۇۋەردى. قىش ئاخىرلىشىپ، باھار كەلگەندە، پەرھات يەنە دىلدارغا تېلېفون ئۇردى.

ــ ۋەي، دىلدار بارمۇ؟... ۋەي، دىلدارما؟ قانداق ئەھۋالىڭىز؟ ئاخشام نەگە كەتتىڭىز؟... دوستۇمنىڭ ئۆيىگە؟ مەن ياتاقنىڭ ئالدىدا ئىككى سائەت ساقلىدىم ... پەردە تىكتۈرگىلى بارغان؟ ماڭا دەپ قويسىڭىز بولمامدۇ؟ كېچىچە ئەنسىرەپ ئۇخلىيالمىدىم... تېلېفون ئۇرسام يوقكەنسىز؟ ھە، توغرا. مەن ھېلىقى ئىككىمىز كۆرگەن ئاسما چىراغنى ئالغىلى بازارغا چىقىپ كەتكەن... ئالدىڭىزمۇ؟! ياق، سېتىلىپ بوپتۇ. يەنە باشقا چىراغنى كۆرۈپ قويغانىدىم. سىزدىن مەسلىھەت سورىغىلى بارسام سىز يوق... ئېلىۋەرسىڭىز بولماسمىدى، دېگىنىڭىز نېمە گەپ؟ ماڭا يارىغىنى سىزگە يارىمىسچۇ؟ ... بولىدۇ، ئۇنداق بولسا ئەتە ئائىلە سايمانلىرىنى كۆرگىلى بارايلى. چۈشتىن كېيىن يېرىم كۈن سوراڭ... نېمە؟ ئوچۇق دەرس بار؟ ۋاي ـ ۋۇي دىلدار. بۇ توينى قىلامدۇق ـ قىلمامدۇق؟... ئىختىيارىڭىز دېگەنمۇ گەپمۇ؟ ھەي دىلدار...! خىزمەتنى سىزلا ئىشلەمسىز!؟ بولمىسا تويىمىزنىمۇ دەرس مۇنبىرىدىلا قىلايلى، بولامدۇ؟... رەنجىمىدىم خوش. چىراغنى ئېلىپ بولۇپ، سىزگە خەۋىرىنى بېرىمەن.

پەرھات تۇرۇبكىنى قويۇپ چوڭقۇر ئۇھ تارتتى.

ــ قانداق، توي ئېغىر كېلىۋاتامدۇ؟... «تويقىلساڭ بالادا قالىسەن. توي قىلمساق تالادا قالىسەن» دېگەن گەپ بار ئەمەسمۇ؟ توي قىلىش باغقا كىرىپ گۈل ئۈزگەندەك ئاسان ئەمەس. پەرھات، ــ دېدى ئۇدۇلىدا ئولتۇرغان گۈلنار. پەرھات ئۇنىڭغا كۆزىنىڭ قۇيرۇقىدا قاراپ قويۇپ تاماكىسىنىڭ ئىسىنى تورۇسقا قارىتىپ پۈۋلىدى.

تويدىن كېيىن ئۇزۇن ئۆتمەي پەرھاتقا يەنە تېلېفون كەلدى.

ــ ۋەي،... بۈگۈنمۇ؟ قانچە ئادەم؟... چاتاق يوق ... توخۇ، بېلىق، گۆش... ھە ئېسىمدە تۇتۇۋالدىم. مەن ھازىرلا ماڭاي... خاتىرجەم بولۇڭ، مېھمانلىرىڭىزنى گۈلدەك ئۇزىتىمىز، ... بولىدۇ ئەمىسە، سەل توختاپ كۆرۈشەيلى، خوش.

ــ بۈگۈن مېھمان كېلەمدىكەن؟ ــ دەپ سورىدى گۈلنار.

ــ ھەئە، خىزمەتداشلىرى كەلمەكچىكەن ــ دېدى پەرھات تەبەسسۇم بىلەن.

ــ قارىغاندا ئائىلىدە نەمۇنىچى ئەر ئوخشايسىز ــ دەپ چاقچاق قىلدى ئەر خىزمەتداشلىرىدىن بىرسى.

ــ پەرھات ئىتتىكلا چۈشەندۈرۈشكە باشلىدى.

ــ توي قىلغاندىن بېرى تا ھازىرغا قەدەر دىلدار مېنىڭ مېھمانلىرىمنى كۈتۈپ چارچاپ كەتتى. بۈگۈن خىزمەتداشلىرى ئالدىدا ئۇنى بىر خوش قىلىۋېتەي دېمەن. قىش ئاخىرلىشىپ يەنە بىر ياز كەلگەندە، پەرھاتقا دىلداردىن تېلېفون كەلدى.

ــ ۋەي ... ھە مەن پەرھات، ... نېمە بالا ئاغرىپ قالدى؟ دوختۇرخانىغا ئاپارسىڭىز بولمامدۇ؟... نېمە؟ يالغۇز؟ بىر بالىنىمۇ كۆتۈرەلمەمسىز؟... ياق ھازىر بارالمايمەن، ئىشىم بەك ئالدىراش... بارالمايمەن دېدىمغۇ. ئۆزىڭىز ئاپىرىڭ ... شۇنداق بولسۇن، مەنمۇ ئۆز خىزمىتىمگە مەسئۇلىيەتچان بولمىسام بولمايدۇ ـ دە، خوش.

پەرھات تۇرۇبكىنى قويۇۋېتىپ، كۆزەينىكىنىڭ ئۈستىدىن ئۆزىگە ھەيرانلىق بىلەن قاراۋاتقان ياندىكى خىزمەتدىشىغا قارىدى.

ئارىدىن ئۇزۇن ئۆتمەي پەرھات دىلدارىدىن يەنە تېلېفون تاپشۇرۇۋالدى.

— ۋەي ... ھە مەن پەرھات،... دوستۇمنىڭ ئۆيىگە بارغان، ... نېمشقا قايتىپ كەلمەيسىز دېدىڭىزما؟ مەست بولۇپ قاپتىمەن... نېمە؟ مەن سىزنىڭ نەگە باردىڭ؟ كەچ كەلدىڭ!... دېگەن سوئاللىرىڭىزدىن جاق تويدۇم. ئەر كىشى دېگەندە ئۆنچىلىكمۇ ئەركىنلىك بولمامدۇ؟!... بولدى، چۈشكە ئاچچىق - چۈچۈك قىلىپ سۈيۈقئاش ئېتىپ تۇرۇڭ، خوش.

ئۇدۇلىدا ئولتۇرغان گۈلنارنىڭ غەزەپتىن چىشلىرى غۇچۇرلاپ، چىرايلىرى تۈرۈلۈپ كەتكەنىدى.

— پەرھات، باشتا ئۇنىمىغىنىڭغا قويماي، ئايىغىغا باش قويۇپ توي قىلدىڭىز. ئەمدى توي قىلىۋېلىپلا نېمانچە يوغانچىلىق قىلىسىز. ئۇمۇ سىزگە ئوخشاش ئادەم - دە، — دېدى گۈلنار ئاچچىقىنى باسالماي.

— پەرھات ھېچقانداق ئىنكاس قايتۇرمايلا گۈلنارغا ئالىيىپ قويۇپ، سىرتقا چىقىپ كەتتى.

ئارىدىن يەنە يېرىم يىل ئۆتتى.

— ۋەي، دىلدار بارمۇ؟... دىلدارمۇ؟ مەن پەرھات. بۈگۈن چۈشتىن كېيىن سوت بىزنى رەسمىي ئاجراشتۇرىدۇ. ئاجرىشىشتىن بۇرۇن دېمەكچى بولغان ئاخىرقى گېپىمنى دېۋالاي: ئەسلىدە مېنىڭ ئۆيىمىزنى تۇتۇپ كەتكۈم، بالىمىزنى يېتىم قىلغۇم يوق ئىدى. مەن سېنىڭ بۇنچىلىك ئوسال، كوت- كوتلۇقىڭنى بىلمەپتىكەنمەن. سېنىڭ مەن بىلەن باراۋەرلىك تالىشىدىغان قائىمال ئىدىيەڭ ئۆيىمىزنى بۇزدى، بالىمىزنى يېتىم قىلدى. ساڭا كۆيۈمى بار، ھاراق ئىچمەيدىغان، يېنىڭدىن كەتمەيدىغان ئەرنىڭ چىققىنىنى كۆرەرمەن.

«جاق» قىلىپ قويۇلغان تېلېفون تۇرۇپكىسى ئېغىر سۈكۈت ئىچىدە ئولتۇرغانلارنى چۆچۈتىۋەتتى. كونىراپ دەسلەپكى سۆلىتىدىن كەتكەن بولسىمۇ، ۋاستىچىلىق رولىنى يوقاتمىغان قىزىل رەڭلىك تېلېفون بۇلۇڭدا گۇناھكارلاردەك شۈمشىيىپ تۇراتتى. پەرھاتمۇ، گۈلنارمۇ تېلېفونغا غەزەپ ۋە ئۆكۈنۈش بىلەن ھومىيىپ قاراشتى.

## ئۇيغۇر - ئىتتىپاقلىق ھەققىدە ماقال-تەمسىللەر

△ ياخشى بولساڭ ھۆرمەت كۆپ، يامان بولساڭ غەيۋەت كۆپ.

△ يىل ياش قوشىدۇ، ئىتتىپاقلىق باش.

△ ئۆملۈكتە كۆتۈرگەن يۈك يەڭگىل.

△ ئىناقلىق—تېپىلماس گۆھەر.

△ ئۆمۈرگە ياشلىق ئېسىل، ئىنسانغا دوستلۇق ئېسىل.

ئىتتىپاقلىقنىڭ تېگى ئەزىز، بىلىمنىڭ تېگى دېڭىز.

△ ئەخلاق زىننىتى— گۈزەل تىل.

△ كېڭەشلىك ئىشتىن دىل سۆيۈنەر.

△ بىلىملىك ئادەم — بەنلەكلىك ملىتىق.

△ ئىشى پاكنىڭ يۈزى يورۇق.

△ بىلىم قولۇبىنىڭ ئاچقۇچى— تىرىشچانلىق.

△ باتۇر يۈرەك قېرىماس.

△ ياخشى سۆز ھەسەل، يامان سۆز كېسەل.

(ھۆسەن تۇردى تەييارلىغان)

## ئىتتىپاقلىق ھەققىدە ئەقلىيە سۆزلەر

△ ئىتتىپاقلىق — قۇدرەت، جاسارەتنىڭ سىمۋولى.

△ ئىتتىپاقلىق — بەختلىك تۇرمۇشنىڭ ياراتقۇچىسى.

△ ئىتتىپاقلىق — چىرايلىق، سولماس گۈل.

△ ئىتتىپاقلىق — غەلىبىنىڭ ياراتقۇچىسى.

△ ئىتتىپاقلىق — يۈرەكتىن يۈرەككە تۇتاشقان رىشتە.

△ ئىتتىپاقلىق — گۈزەل دەۋرانىنىڭ دەرۋازىسىنى ئاچقۇچى ئالتۇن ئاچقۇچ.

△ ئىتتىپاقلىق — ئىنسان مەنپەئەتلىرىگە زىيانلىق ھەر قانداق شۇملۇقلارنى توسۇپ تۇرىدىغان پۇختا پولات قالقان.

△ چىرايلىق، يۇمشاق سۆزلەر كىشىلەرنى ئاداۋەت پەللىسىدىن ئىتتىپاقلىق مەرتىۋىسىگە يەتكۈزىدۇ.

(ئەھمەدجان تاشتۆمۈر تەييارلىغان)

# ئىككى مەسەل

● ئەخەت هاشىم ●

## ئاپتاپپەرەسنىڭ ماختىنىشى

ئاپتاپپەرەس ئۆزىنىڭ دائىم قۇياشقا بېقىپ تۇرىدىغانلىقى ۋە ئۇنىڭغا باش ئېگىپ تۇرىدىغانلىقىنى تەمەننا قىلىپ باشقا زىرائەتلەر ئالدىدا: «هېچقايسىڭلار قۇياشقا مەندەك سادىق ئەمەس. ھەقىقىي سادىق دېسە مېنى دېسە بولىدۇ، پەقەت مەنلا قۇياشنىڭ قەدرىگە يېتىمەن» دەپ توختىماي ماختىنىدىكەن. باشقا زىرائەتلەر: «ئۇنداق دېمە، قۇياشقا ھەممىمىز سادىق. چۈنكى بىز قۇياش نۇرىسىز ياشىيالمايمىز. شۇڭا قۇياشنىڭ قەدىر - قىممىتىنى، ئۇلۇغلۇقىنى بىزمۇ ئوبدان بىلىمىز» دەيدىكەن. لېكىن ئاپتاپپەرەس زادى قايىل بولماي يەنە ئۆز گېپىنى يورغىلىتىپ:

— سىلەرنىڭ سادىقلىقىڭلار يالغان. ئادەتتە ئۇنىڭغا ئەجەب كۆز قىرىڭلارنى سېلىپمۇ قويمايسىلەرغۇ؟ قۇياشقا ھەقىقىي سادىق بولىدىغان بولساڭلار ماڭا ئوخشاش دائىم ئۇنىڭغا يۈزلىنىپ، باش ئېگىپ تۇرغان بولاتتىڭلار، — دەپتۇ.

بۇ دەتالاشنىڭ ئۈستىگە بىر دانىشمەن كېلىپ قاپتۇ. — دە، ئاپتاپپەرەسنىڭ گەپلىرىنى ئاڭلاپ بولغاندىن كېيىن كۈلۈپ قويۇپ:

— ئاپتاپپەرەس بۇرادەر، بىلىپ قويغىنكى، سادىقلىقنىڭ ئىپادىسى ھەرگىزمۇ ئەتىگەندىن كەچكىچە ئۇنىڭغا يۈزلىنىپ، تۇرۇش ياكى باش ئېگىپ تۇرۇشتا ئەمەس، بەلكى ئۇنى ھەقىقىي تۇردە ئاسراش، قوغداش ۋە ئۇنىڭغا پايدىلىق ئىشلارنى قىلىپ بېرىشتە كۆرۈلىدۇ. خوش، ئۇنداقتا سەن قۇياشنى قانداق قوغدىدىڭ، ئۇنىڭغا پايدىلىق نېمە ئىشلارنى قىلىپ بەردىڭ؟ — دەپ سوراپتۇ.

ئاپتاپپەرەس ئويلىنىپ باقسا، دۇنياغا تۆرەلگەندىن بۇيان قۇياشتىن پەقەت نەپكە ئېرىشىپلا كېلىۋېتىپتۇ، هېچقانداق ياخشى ئىش قىلىپ بەرمەپتۇ. شۇڭا لام - جىم دەپ ئاغزىنى ئاچالماپتۇ.

## قۇرۇق شاۋقۇن

تاشيولنىڭ ئىككى قاسنىقىدا بىر - بىرىگە قارىشىپ تۇرىدىغان ئىككى تۈپ دەرەخ بار ئىكەن. كۈنلەرنىڭ بىرىدە نېمە سەۋەبتىندۇ ئۇ دەرەخلەرنىڭ بىرى ئۇشتۇمتۇت قۇرۇپ كېتىپتۇ، يەنە بىرى بولسا بۇرۇنقىدەكلا باراقسان بولۇپ يېشىل ياشناپ تۇرۇۋېتىپتۇ. شۇنىڭدىن كېيىن قۇرۇپ قالغان دەرەخنىڭ يوپۇرماقلىرى سەلكىنە شامال چىقسا ھەيۋەتلىك شالدىرلىشىپ ئاللەمنى ماللەم قىلىۋېتىدىكەن، ئۆزلىرىنىڭ شۇ قەدەر كۈچلۈك شاۋقۇن پەيدا قىلالىغانلىقىدىن خۇشال بولۇشۇپ كەتكەن بۇ قۇرۇق يوپۇرماقلار يولنىڭ ئۇ قېتىدىكى يېشىل يوپۇرماقلارنى مەسخىرە قىلغىلى تۇرۇپتۇ.

— ياپيېشىل تۇرغىنىڭلار بىلەن قىلچە ھەيۋەڭلەر يوق ئىكەن. سىلەرنى قانداقمۇ يوپۇرماق دېگىلى بولسۇن؟ ئەتىگەندىن كەچكىچە گويا ئۇخلاپ قالغاندەك جىمجىت تۇرغىنىڭلار تۇرغان! — دەپ كۈلۈشۈپتۇ ئۇلار.

بۇنىڭ سەۋەبىنى تېخى چۈشىنىپ يەتمىگەن يۇمران يېشىل يوپۇرماقلار دەماللىققا بىرنېمە دېيىشەلمەپتۇ. بىر پەستىن كېيىن ئۇلار مېھرىبان ئانىسى بولغان غولىدىن سوراپتۇ:

— ئانا، ئاۋۇ قۇرۇق يوپۇرماقلار بىزنى زاڭلىق قىلىشىۋاتىدۇ. ئۇلار كىچىككىنە شامالدىمۇ ھەيۋەتلىك شالدىرلاپ كۈچلۈك شاۋقۇن چىقىرالايدىكەن، بىز نېمىشقا شاۋقۇن چىقىرالمايمىز؟

— ھەي نادان باللىرىم، — دەپ چۈشەندۈرۈشكە باشلاپتۇ ئۇ، — بىرەر ئىشنىڭ نەتىجىلىك بولغان- بولمىغانلىقىنى ياكى بىرەرسىنىڭ ئاجىز - كۈچلۈكلىكىنى ئۇنىڭ چىقارغان شاۋقۇنى بەلگىلىيەلمەيدۇ. ئادەتتە

مەقسەتلىك، نەتىجىلىك، ئەمەلىي ئىشلار جىمجىت، شاۋقۇنسىز بولىدۇ. ئاجىز، ئىچى كاۋاك، يىلتىزى بوش نەرسىلەر ھەممىدىن بەك شاۋقۇن چىقىرىدۇ، بۇ قۇرۇق يوپۇرماقلار نېمىشكە شالدىرلاۋېرىدۇ، بىلەمسىلەر؟ مۇھىمى ئۇلار ئانا تۇپراقتىن، نەملىكتىن ئايرىلىپ قالغان. شۇڭا بەكمۇ ئاجىز بولغاچقا كىچىككىنە شامالغىمۇ بەرداشلىق بېرەلمەيۋاتىدۇ. ھېلىمۇ ئۇلارنىڭ تەلىيىگە قاتتىقراق شامال چىقىپ باقمىدى. ناۋادا سەللا قاتتىق شامال چىقىپ قالىدىغان بولسا، ئۇلارنىڭ ھالىنى شۇ چاغدا كۆرۈڭسلەر!

دېگەندەك بىرنەچچە كۈندىن كېيىن راستىنلا قاتتىقراق شامال چىقىپتۇ. شامال قۇرۇق يوپۇرماقلارنىڭ بىرىنى قويماي ئاللىقاياقلارغا ئۇچۇرتۇپ كېتىپتۇ، ئۇلاردىن ھېچقانداق نام-نىشان قالماپتۇ...

(ئاپتور: شىنجاڭ خەلق نەشرىياتىدا ئالىي مۇھەررىر)

# رۇبائىيلار

## ئوسمانجان ساۋۇت

1

ياخشىلارغا يامان كېسەل چاپلىشار ئەجەب،
يامانلارغا چاپلاشمايدۇ ياخشىلىق نېچۈن؟
ۋاپالارغا جاپا يانار بىرىگە مىڭ دەپ،
ئۆتەرمىزمۇ قىلىپ دائىم ئۆمرىمىزنى خۇن؟

2

ھەرىلەر ھەسەلچۈن ھەمىشە ھەلەك،
ھەرىدەك بولسام مەن مىڭ قېتىم مەلەك.
مەككارنىڭ ھىيلىسى ھېسابسىز بولسا،
مېنىڭكى بىر ئىرۇر: پەرۋايىم پەلەك.

3

ئۆي ـ جايىنى قويۇڭلار، قوشنا ئالغۇم بار،
قوشنىچۈن كۆڭلۈمگە بىنا سالغۇم بار.
نەرسىسى كېرەكمەس جەڭگە ـ جېدەلنىڭ،
سۆيگۈنىڭ سازىنى تازا چالغۇم بار.
(«شىنجاڭ گېزىتى» دىن ئېلىندى)

## جېلىلى

1

ياپنى ئەل ھۆرمەتتىن ماڭا زەر يوپۇق،
مېنىڭ ئەل غېمىدىن ئۆزگە غېمىم يوق.
كۆيۈپ ئەل ئوتىدا، سۆيىدە ئېقىپ،
يېسەم ئەل غېمىنى تۇرار كۆڭلۈم توق.

2

ئەل ماڭا يۈكلىگەن ۋەزىپە ئېغىر،
بۇ يولدا ئاتاشنەك كۆيىدۇ بېغىر.
كۆتۈرۈپ چىققۇچە ئۇنى پەللىگە
خۇشالمەن قىلسىمۇ مۈرەمنى يېغىر.

3

ئەل ئوغلىمەن، ئۆز غېمىمنى يېمەيمەن،
ئەل بۇيرىغان ئىشقا قاپاق تۈرمەيمەن.
ئەلنى رازى قىلماق بەختىم، بۇرچۇمدۇر،
كۈن ئۆتۈپ ئايلار بويلاپ دېمەيمەن.
(«ئۈرۈمچى كەچلىك گېزىتى» دىن ئېلىندى)

## ئەنۋەر ئابلەت

1

ھەسەتخور، ساختىغا دەردىڭنى تۆكمە،
قىسمەتتىن ئاغرىنىپ ھەسرەتكە چۆكمە.
ۋىجدانسىز كىشىلەر كېلەر بىنومۇس،
ئۇلاردىن ئىنسابنى كۆڭۈلگە پۈكمە.

2

تۆھمەتخور، يۈزسىزدىن دائىم پەخەس بول،
ئۇ ھامان بەختىڭگە سالار قاراقول.
ئالدىنىپ سىرىڭنى بەرسەڭ مۇبادا،
نادامەت غارىغا ئاپىرار ئۇدۇل.

3

ئەل ئۇلۇغ بىر دەريا، سەن ئۇندا كېمە،
دەرياسىز كېمىنىڭ لازىمى نېمە؟
شۇ دەريا قوينىغا ئالمىسا ئەگەر،
كۆزلىگەن مەنزىلگە يېتىمەن دېمە.
(«ئۈرۈمچى كەچلىك گېزىتى» دىن ئېلىندى)

# ئىككى نەسر

● ئۈمىدجان قادىرى ●

### قار ياغقان سەھەر

ئەتىگەن پەيتى سىرتقا چىققىنىمدا پۈتكۈل يەر-جاھان ئاق لىباسقا پۈركەنگەن ھالەتتە ئىدى، ئاسماندىن چۈشۈۋاتقان سانسىزلىغان ئاق توزانلار ئانا زېمىن يۈزىنى پەردازلىماقتا. ئاسمان بوشلۇقى كۆلرەڭ تۇمان بىلەن قاپلانغان، سامانىڭ چىھرى تۇتۇق كۆرۈنەتتى.

«رەھمەت ساڭا قار!» دېدىم خىيالىمدا، چۈنكى ئۇنىڭغا تەشەككۇر ئېيتماي تۇرالمايتتىم. ئۇ ئۆزىنىڭ جىمىكى خاسىيىتى بىلەن ئاسمان بوشلۇقىدىكى چاڭ-توزانلارنى يۇيۇپ، زېمىندىكى ناپاكلىقلارنى ئېرىغداۋاتسا، ئۇنىڭغا قەسدە ئۇقۇماي بولارمىدى؟ شۇ ئەسنادا خىيال ئېكرانىمدىن مۇنداق بىر پىكىر چاقماق تېزلىكىدە يالت قىلىپ ئۆتتى: «قار ئۆزىنىڭ ئاپئاق لاتاپىتى بىلەن مۇبارەك جىسمىنى ئېرىتىش بەدىلىگە ئانا زېمىننى يۇيۇپ پاكلاشتۇرۇۋاتىدۇ. نەپسانىيەتچىلىك، پارىخورلۇق، قارا نىيەتلىك، رەزىللىك قاتارلىق ئىللەتلەر ئىنساننىڭ تۇغما پاكلىقىنى يوقىتىپ، ئىنسانغا خاس گۈزەللىكنى خىرەلەشتۈرۈۋاتىدۇ. ئىنساننىڭ بۇ داغلىرىنى قانداق بىر شەيئى يۇيۇپ ئېرىغدىيالاركىنە؟ ئاشۇ ئاپئاق قاردىمۇ شۇ قۇدرەت، شۇ خاسىيەت بولسا نېمىدېگەن ئۇلۇغۋار ئىش بولار ئىدى؟!

### پەرەنجە ئىچىدىكى ئىنتىلىش

ئىشخانىدىكى ئىشلىرىمنى تۈگىتىپ بولۇپ بىردىنلا ھارغىنلىق سەزدىم-دە، كوچا-مەھەللەرنى ئايلىنىپ چىقىش ئىستىكى بىلەن شەھەرنىڭ سىرتىغىراق جايلاشقان، ئادەملەرنىڭ ۋاراڭ-چۇرۇڭلىرى بىلەن تولغان تار رەستىگە قەدەم باستىم.

ھەر تەرەپكە سىنچىلاپ قاراپ-قاراپ كېتىۋاتاتتىم، ئاشۇ سودىگەرلەرنىڭ يايما دۇكانلىرى ئارىسىدىكى بىر كىچىك دۇكاننىڭ ئالدىدا ئورۇندۇقتا چۆككىنىچە، قانداقتۇر بىر كىتابنى بېرىلىپ كۆرۈۋاتقان روپاش ئايالغا كۆزۈم چۈشتى. مەن ئۇنىڭغا قىزىقىش ئىچىدە ئاشۇ دۇكاننىڭ ئالدىغا كەلدىم ۋە دۇكاندىكى ماللارغا سەپسالغان بولۇپ، ھېلىقى روپاش ئايالنى ھەم ئۇ كۆرۈۋاتقان كىتابنى كۆزىتىشكە باشلىدىم. ئايال بولسا كوچىدىكى ئاياغ تاۋۇشلىرى، سۈرەن-چۇقانلار ۋە دۇكان ئالدىغا كېلىپ-كېتىۋاتقانلاردىن بىخەۋەردەك كىتابقا باشچىلاپ كىرىپلا كەتكەنىدى. گەرچە مەن ئۇ كۆرۈۋاتقان كىتابنىڭ ئىسمىنى ئېنىق كۆرۈشكە مۇۋەپپەق بولالمىغان بولساممۇ، كۆڭلۈم ھېلىقى كىتابنىڭ پەننىي ياكى ئەدەبىي كىتاب ئىكەنلىكىنى تۇيۇپ تۇراتتى.

ئايالغا سەپسالغانسېرى ئۇنىڭ يۈز-كۆزىنى ئوراپ تۇرغان پوررەڭ رومال ئېغىر دات باسقان تۆمۈر قەپەزگە ئوخشاش كۆرۈنۈشكە باشلىدى. «بۇ ئىنتىلىش، — دېدىم ئىچىمدە، — پەرەنجە ئىچىدىكى ئىنتىلىش». قەلبىمگە ئۇسسۇپ كىرىشكە باشلىغان، ئەمما ئۆزۈممۇ ئېنىق چۈشەندۈرۈپ بېرەلمەيدىغان گادىرماچ بىر ھېس بىلەن ئېغىرلاشقان قەدەملىرىمنى ئاستا يۆتكىدىم.

(ئاپتور: گۇما ناھىيىلىك تېخنىكا پونكىتىدا ئىشلەيدۇ)

## ھۆسنخەتلەردىن تاللانما



▲ ئەلا قاسىم يازغان



▲ ئەلى ئابدۇرېھىم يازغان




▲ ئابلىز مامۇت يازغان



▲▼ قاھار ئوسمان يازغان



# 民族团结

国家民族事务委员会主办

（用汉、蒙古、维吾尔、哈萨克、朝鲜文出版）

出版／民族团结杂志社

社长、总编辑
李金池（苗族）
副社长、副总编辑
刘金锁（蒙古族）
副总编辑
聂文华
伊德里斯·巴拉提
（维吾尔族）
副社长
张德安（蒙古族）

（维吾尔文版）
（总第53期）

编辑：民族团结杂志社维文室

●主编
伊德里斯·巴拉提
●副主编
亚森·阿瓦孜
●值班编辑
哈米提·尼格麦提

地址：新疆乌鲁木齐市和平南路204号2号楼D单元
邮政编码：830001
印刷：新疆日报社印刷厂
发行：乌鲁木齐邮局
订阅：全国各地邮局
全国统一刊号：CN—1557
邮政发行代号：58—117
出版日期：1997年7月15日


# 1997年第四期要目


●高层访谈

加强民族工作 为建设繁荣稳定的边疆服务……司马义·艾买提

●焦点报道：56个民族同迎香港回归

永远是龙的传人——回归在即话香港……………………………杨盛龙

瞩目"两会"——大团结大发展

大团结迎来大发展——八届全国人大五次会议采访札记……
……………………………………………………………王红文

参大政 议大事 办实事 求实效——部分省区政协主席访谈录…
……………………………………………………………晓　然

●民族法制

运用法律手段调整民族关系的重要举措……………………陈　虹

●说说我的民族

书与读的随想录……………………………马合木提·穆罕默德

●思考与研究

试论少数民族使用，发展自己的语言文字和学习，使用汉语
言文字……………………………………………哈力克，穆合拜提

●民族与自治地方

瑶族及其自治地方……………………………………………………

●世界民俗大观

丹麦人的文化生活……………………………………………………

●花　坛

中介电话（小小说）……………………………米娜瓦尔·尼亚孜

寓言两则………………………………………………艾海提·阿西穆

散文两篇…………………………………………吾米提江·卡德里

●画　页

封面：56个民族同迎香港回归……………………………………

封二：中国少数民族英才录：赛福鼎·艾则孜…………………

封三：饰、瑶族………………………………………欧阳生珠摄

封底：哈那斯湖……………………………阿布里孜·阿布都拉摄











ئوۋياك شېڭجۇ فوتوسى



ISSN 1002-9184

07>

9 771002 918006

《民族团结》维吾尔文版 （双月刊） «مىللەتلەر ئىتتىپاقى» (قوش ئايلىق ژۇرنال)
国际标准刊号 ISSN 1002 — 9184 خەلقئارالىق ئۆلچەملىك ژۇرنال نومۇرى
全国统一刊号 CN11—1557 مەملىكەت بويىچە بىرلىككە كەلگەن ژۇرنال نومۇرى
定价 2.00元 يۈەن 2.00 باھاسى 邮发代号 58—117 پوچتا ۋەكالەت نومۇرى